# جەننەتنىڭ ئاچقۇچى




ئەبۇ ھاجىر مەقتۇلى

ئەبۇ پامىر ھەققۇلى

# جەننەتنىڭ ئاچقۇچى

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى

بۇ كىتاپنىڭ نەشىر قىلىنىشى
ئۈچۈن ئىقتىسادى ياردەم بەرگەن
ۋەتەنداشلىرىمغا ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر
تىلەيمەن.

# مۇندەرىجە


نەشرىياتتىن ........ 6

تەقرىز ........ 7

مۇقەددىمە ........ 10

**بىرىنچى باب** ........ 28

ئىسلام ئەقىدىسى توغرىسىدا ........ 28

**ئىككىنچى باپ** ........ 60

ئىسلام دىنى ــ مۆجىزە ۋە ئىلىم ........ 60

**ئۈچىنچى باپ** ........ 92

جىھادنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا ........ 92

**تۆرتىنچى باپ** ........ 110

جىھادنىڭ پەزىلەتلىرى ........ 110

**بەشىنچى باپ** ........ 117

جىھادنىڭ تۈرلىرى ........ 117

**ئالتىنچى باپ** ........ 140

ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش توغرىسىدا ........ 140

**يەتتىنچى باپ** ........ 164

دىنىمىزدا سىياسى كېلىشىملەرگە قانداق قارىلىدۇ؟ ........ 164

**سەككىزىنچى باپ** ........ 170

مىللى پىسخىكىمىزدىكى كېسەللىكلەر ........ 170

*پايدىلانغان كىتاپلار* ........ *186*

# نەشرىياتتىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپ سىزگە ئىسلام دىنى ھەققىدە ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان يېڭى بىلىملەرنى تەقدىم قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بۇنداق ئاجايىباتلىرى، كارامەتلىرى، مۆجىزىلىرى، بۈگۈنكى ئىلىم - پەننىڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى قۇرئانى كەرىمدە مۇجەسسەم ئىكەنلىكى نامايەن بولغىنىدا ھەيرانلىق ئىلكىدە: ”ھە، ... ئىسلام دىنى ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە!...“ دېگەن تەئەججۇپلۇق روھى- ھالىتىڭىزنى يوشۇرالماي قالىسىز. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆملۈك ئىدىيىسى، كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسى، ئادەملەرنى ئىنسانلارغا خاس ئەخلاقتا ئۈندەيدىغان ئۆلجاناپ چاقىرىقلىرى بۈگۈنكى مەدەنىيەت دۇنياسىمۇ يېتەلمىگەن بىر يۈكسەكلىكتە بولۇپ، ئىلگىرى مەھەللىڭىزدىكى ياكى شەھرىڭىزدىكى موللىلاردىن ھېچ ئاڭلىمىغان تەرەپلەر باردۇر. سىز ئىلگىرى ئاڭلىغاندەك ئىسلام دىنى بىلەن پەن قارمۇ - قارشى بولماي، بەلكى پەنگە تەتقىقات تېمىلىرىنى سۇنۇۋاتقانلىقى، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ھەق دىن ئىچىدە ئورۇن ئالغان ھەقىقەتلەرنىڭ بۈگۈنكى ئىلىم - پەن تەتقىقاتى بىلەن ئىسپاتلىنىۋاتقانلىقى سىزنى ھەيران قالدۇرماسمۇ؟ ئەستايىدىل ئوقۇپ كۆرۈڭ. ئاللاھ سىزگە ھىدايەت ئاتا قىلسۇن، دىلىڭىز ئىمان نۇرى بىلەن يورۇسۇن، ئەقىدە سىزگە كۈچ - قۇۋۋەت بەخش ئەتسۇن، ئامىن!

# تەقرىز

ھەرقانداق بىر پارتىيە ياكى بىر سىياسى تەشكىلاتنىڭ شۇنىڭدەك ھەرقانداق مەسلەك ۋە باشقا ئىدىئولوگىيىگە مەنسۇپ يول - ئېقىملارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا نىزامى، پىرىنسىپى بولىدۇ. خۇددى شۇنداق، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك دىنىنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا (ئاللاھتەرىپىدىن بەلگىلەنگەن) نىزام ۋە پىرىنسىپلىرى بار. ھەركىمنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە بۇرمىلاپ پايدىلىنىۋېرىدىغان، ئويۇنچۇق قىلىۋالىدىغان ھەققى يوق.

ئىسلام دىنى روھانى دىن بولماستىن، بەلكى ئىبادەت، تىجارەت، سانائەت، سىياسەت، كائىنات، ھايات ۋە ئالەم ھەققىدىكى تەتقىقات قاتارلىقلاردىن تاكى ئاخىرەتكىچە ھەممە بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار ۋە زەبۇنلۇقتىن، ئازاپ - ئوقۇبەتتىن، ئېزىش - ئېزىلىشتىن، قۇللۇق ۋە سۈرگۈنلۈكتىن، گاڭگىراش ۋە چۈشكۈنلۈكتىن ساقلاپ جىسمانى ۋە روھى كېسەللەردىن ئاسرايدۇ. شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيادا ياخشىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىرلىك - باراۋەرلىك، ئىناق - ئىتتىپاقلىق ۋە ئەدلى - ئادالەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ غايىلەرنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئالدى بىلەن بىزنىڭ دىنىمىزنى چۈشىنىشىمىزگە، ئاندىن ئەمەل قىلىشىمىزغا باغلىق.

شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئىسلام دىنىدا تۇرۇپ، قۇلىدا ھەق كىتاپ (قۇرئان) تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن قۇللۇققا چۈشۈپ قالدى؟ بۇ، بەزىلەر چۈشەنگەندەك ئىسلام دىنىدا بولغانلىقىمىزنىڭ ئاقىۋىتىمۇ؟ ياكى ئۆزىمىزنىڭ كۇفرى ۋە نىفاققا، ئىللەت ۋە بىدئەتكە چىرمىلىپ قېلىپ، ”دىنىمىز ئىسلام، بىز مۇسۇلمان“ دېگىنىمىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە توغرا دىنى ئەقىدىدىن چەتنەپ ئازغۇنلۇققا پاتقىنىمىزنىڭ ئاقىۋېتىمۇ؟ جىھاد نېمە؟ ئۇ قانداق پەرز؟ مانا بۇلار ھەققىدە توغرا پىكىرگە يېتەلەش ئۈچۈن كوممونىستلار ئىمكان بەرمىگەچكە، ئاللاھنىڭ

پەرزلىرى ۋە بويرۇقلىرىدىن غەپلەتتە قالدۇق. ئىجرا قىلىشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس بولدى. دېمەك، ئۇزۇندىن بېرى بىزنىڭ مەزلۇم خەلقىمىزگە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ماھىيىتىنى، بولۇپمۇ جىھادنىڭ بىزگە نىسبەتەن ئەڭ زۆرۈر پەرز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر كىتاپنىڭ بولمىغانلىقى ناھايىتى زور بوشلۇق ئىدى. بۇنداق بىر كىتاپنىڭ بولىشى بولسا خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسى ئىدى. مۇئەللىپ ئەبۇ پامىر ھەققۇلى خەلقنىڭ مۇشۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەخسىدىدە، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قولىڭىزدىكى "جەننەتنىڭ ئاچقۇچى" ناملىق كىتاپنى يېزىپ چىقىپ مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇردى. مەن بۇ كىتاپنى باشتىن ـ ئاخىرى كۆرۈپ چىقتىم ۋە مەقبۇل كۆردۈم.

بۇ كىتاپ جىھادنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن تارىخى ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن؛

بۇ كىتاپنىڭ دەلىللىرى ناھايىتى ئىشەنچىلىك بولۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ئاساس قىلغان؛

دىنىمىزنىڭ ھەق ۋە ئىلمىلىكىنى ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرى ۋە تارىخي پاكىتلار ئاساسىدا ئىسپات قىلغان؛

كىتاپ ئىخچام ۋە ئاممىباپ يېزىلغان بولۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ توپ ئاساسى ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرۈشتىمۇ قوللانما بولالايدۇ؛

كىتاپخانلارنىڭ كەيپىگە مۇۋاپىق، زېرىكتۈرمەيدىغان، ھەم دىنى، ھەم پەننى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاۋام خەلق ۋە زىيالىلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىشەنچىلىك كىتاپ بولۇپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئائىلىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك قۇرال دەپ قارايمەن.

مۇئەللىپنىڭ شۇنچە رىيازەت چېكىپ، جاپالىق ئىزدىنىپ ئۈستىدىكى بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى ئادا قىلغىنىغا ئاللاھ كۆپ ئەجىر ئاتا قىلسۇن، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىغا يەتكۈزسۇن، ئامىن!

بۇ كىتاپنى ئوقۇپ ئەمەل قىلغان ھەربىر كىتاپخان قېرىنداشىمىزنى ئاللاھ نىشان ۋە غايىلىرىگە يەتكۈزگەي، ئامىن!

ـــ هـ قاربهاجسم

# مۇقەددىمە

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن):**

**جىمى ھەمدۇ ـ سانالار ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىمەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە ئېھتىراملىرىمنى بىلدۈرىمەن.**

ھۆرمەتلىك كىتاپخان، سىز مەزكۇر كىتاپنى قولىڭىزغا ئالغىنىڭىزدا «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن نامى سىزنى قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن، ئەمما، بۇ ”ئاچقۇچ“ كىتاپنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى كىتاپتا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىئال — ئەقىدە ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئەقىدە نېمە؟ بۇ — ئاللاھنىڭ سۆزى، ھەق دىنىنىڭ ھۆكمىگە تولۇق ئەمەل قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىئالدۇر. ھېچكىم ھېچكىمگە جەننەت ۋەدە قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. پەقەت ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا قادىردۇر. دېمەكچىمەنكى، سىزنىڭ بۇ كىتاپقا ئېرىشكەنلىكىڭىز جەننەتنىڭ ئاچقۇچىغا ئېرىشكەنلىكىڭىز ئەمەس، ئەگەر سىز كىتاپتا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىگە ئىشەنسىڭىز، شۇ ئەقىدىدە مۇستەھكەم تۇرسىڭىز (يەنى كىتابىمىز ئارقىلىق سىزگە يەتكەن ھەققە ـ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلسىڭىز) ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر؛ جەننەتنىڭ ئاچقۇچىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىڭىزمۇ راستتۇر. پەقەت، ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىدىسى، ئېتىقادقا بولغان ساداقىتىڭىزگە باغلىقتۇر. رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ مۇنۇ ھەدىسى سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

**”كاپىرلار يىراقتا بولسۇن، يېقىندا بولسۇن، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار. پىتنە قىلغۇچىلارنىڭ ’بىر ئوبدان ئائىلىسىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى تاشلاپ كېتىپتۇ‘ دېگەندەك سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار. ئاللاھنىڭ دىنىغا**

**مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئۆيۈڭلاردا بولسۇن، سەپەردە بولسۇن جىھاد قىلىڭلار. ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھاد ـ جەننەتنىڭ چوڭ بىر دەرۋازىسىدۇر** (يەنى جىھاد جەننەتنىڭ چوڭ بىر دەرۋازىسىنى ئېچىشقا قادىر ئاچقۇچ). **ئاللاھ ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى شۇ جەننەت بىلەن مۇكۆپاتلايدۇ، غەم ئەندىشىدىن خاتىرجەم قىلىدۇ**“ («مۇسنەد شەرىف»، «ئەبۇ ئەھمەد»).

بىزنى جەننەتنىڭ ئاچقۇچىغا ئېرىشتۈرىدىغان ”ئەقىدە“ قانداق نەرسە؟ جىھاد دېگەنچۇ؟ ئىسلام دىنى قانداق دىن؟ بۇ كىتاپنىڭ ۋەزىپىسى (ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن) مۇشۇ سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىشتۇر.

”ئۆگەتمەس بىزلەرگە ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملار“ شائىر تەۋپىقنىڭ بۇ مىسرالىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا يۇكسەك ئىسيانكارلىق روھ بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ”ئالىملار“ نىڭ چىركىن ئەخلاقى پاش قىلىنغانىدى. بۇندىن باشقا تارىخى يىپ ئۇچلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، «ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملار» خېلى ئۇزۇن بىر زامانلار ئىلگىرىدىن باشلاپلا ئاۋامغا ھەقنى يەتكۇزمەس بولىۋالغان. ”بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا ئېيتما“ دېگەن سودىگەرلەرگە خاس خاراكتېر بىلەن، ئاللاھنىڭ كالامنى تىجارەت مېلىغا، جان بېقىشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندۇرىۋالغان. ئاللاھنىڭ:

”**قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ھەقنى باتىلغا** (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىگە) **ئارلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار،... كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمىسىلەر؟ ...**“ (سۈرە ”بەقەرە“ 41~44- ئايەتلەر) دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئۇنتۇپ قالغان! ئەنە شۇ سەۋەپتىن خەلقىمىزنىڭ ئەقىدىسى مىسلىسىز دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن. ئاللاھنىڭ توغرا يولىدىن، پارلاق ئىسلام ئەقىدىسىدىن چەتنىگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى – ئاللاھ بىزنى جازالىدى، بىز خارلىققا قالدۇق.

”**كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن ئۆزى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ. سەن** (مۇھەممەد) **ئۇلارغا ھامى ئەمەسمەن**“ (سۈرە ”زۇمەر“ 41- ئايەت).

ئاللاھ تائالا تەكرار يەنە شۇنداق دەيدۇ:

**”ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەق دىن كەلدى. كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ. مەن سىلەرگە ھامى ئەمەسمەن“** (سۈرە ”يۇنۇس“ 108- ئايەت). شۇنداق، ھەق يولدىن ئازغىنىمىز ئۈچۈن مىللەتنىڭ غۇرۇرى چەيلەندى، ۋەتەن مۇنقەرز بولدى، بايلىقىمىز تالاندى. بىز نامراتلىق، قاششاقلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدۇق. كوممونىستلار ۋەتىنىمىزگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن بولسا ئەقىدىنىڭ بۇزۇقچىلىقىدىن تېخىمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلاندى. نادانلاشتۇرۇش، ئەقىدىدىن تېخىمۇ چەتلەشتۈرۈش، پارچىلاش ۋە ئاخىرى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش سىياستى ئۈچۈن مۇناپىق مولللىلارنى ياردەمگە چاقىردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاللاھنىڭ ھەق دىنى، پۈتۈن كائىناتنىڭ ھەرىكەت مىزانى بولغان كالامۇللاھ تولۇقى بىلەن خەلقىمىزگە يېتىش ئىمكانىيىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدى. كۆنسېرى نادانلىشىۋاتقان خەلق تارىخنى، ئەسلىنى ئۇنتۇدى، مۇسۇلمان دېگەننىڭ ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇققا تەسلىم بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئالاھىدىلىكنى يوقۇتۇپ قويدى.

قۇرئان كەرىمدە شۇنداق دېيىلىدۇ:

**”ھەر قانداق بىر قەۋىم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە** (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇك قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) **ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ** (يەنى ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)، **ئاللاھ بىر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازاپنى دەپئى قىلىدىغان ئاللاھتىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ“** (سۈرە ”رەئىد“ 11- ئايەت).

ئاللاھنىڭ بۇ ۋەدىسىنى سۈرە ”ئەنفال“ 53 ـ ئايەتتىمۇ ئۇچۇرىتىمىز:

**”بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى** (كۇپرى ۋە گۇناھ بىلەن) **ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ“**.

خۇددى يۇقۇرىقى ۋەدىلەردە دېيىلگەندەك، بىز بۇگۈنكى قىسمەتكە مۇپتىلا بولدۇق ــ ئاللاھ بىزنىڭ بېشىمىزغا خارلىقنى ياغدۇرۇپ زۇلۇم قىلغىنى يوق، ئەكسىچە بىز كۇپرى ۋە گۇناھ بىلەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خارلىقنى تېرىۋالدۇق؛ ئۆز ۋەتىنىمىزدە مۇساپىردەك قېقىندى ـ سوقۇندى

بولدۇق؛ قولىمىزدا ئالتۇن تاۋاق تۇتقان هالدا تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئەھۋالدا قالدۇق.

بىز مۇشۇنداق خار ۋە زەبۇن ياشىغان خەلقمىدۇق؟

بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى تارىم ۋادىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمقى بۆشۈكلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئامېرىكا ئالىمى مورگان: ”دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلسا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ“ دېگەنىدى. كېيىنكى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار نەتىجىسى بۇ نوقتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن تەمىنلىمەكتە. مەسىلەن: 1979 ـ يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قەدىمى كىروران دۆلىتىگە خاس قەبرىلەردىن تېپىلغان موميا قىلىنغان جەسەتلەر ۋە جەسەت بىلەن بىللە تېپىلغان يۇڭدىن توقۇلغان بويۇملار، بۇغداي دانلىرى، ... ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى يەنە مىڭ يىللاپ ئىلگىرى سۈرۈۋەتتى. ئىلگىرى قەدىمقى مىسىر، بابىل، ھىندىستان، خىتاي مەدەنىيەتلىرى ئەڭ قەدىمقى مەدەنىيەت سانىلىپ كەلگەن بولۇپ، يىل دەۋرى بەش مىڭ يىل دەپ زىكرى قىلىناتتى، ئەمدىلىكتە يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان قەبرىلەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ يىل دەۋرى 6400 يىل ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. دېمەك، ئەجداتلىرىمىز شۇ چاغلاردىلا يۇڭدىن رەخت توقۇشنى بىلگەن، بۇغداي تېرىش بىلەن شوغۇللانغان ئىنسانلار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا خىتايلار ھازىرغىچە ”بىزنىڭ كەشپىياتىمىز“ دەپ داۋراڭ قىلىپ كەلگەن مىخ مەتبەئەنى خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ دېمەك ئۇچۇن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ھېچقانداق ماددى ئىسپاتكۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇلار 1992 ـ يىلى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ئىلىم ـ پەن كومىتېتىغا دۇنخۇاڭدا ”پاكىت“ سۈپىتىدەكۆرسەتكەن ئالتە دانە مىخ مەتبەئە ھەرپى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئىكەنلىكى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خىتايلار بۇ ماددى ئىسپاتلارنى ئاشكارىلىماي، كەشپىيات شان ـ شەرىپىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقى مەلۇم بولۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا شەرمەندە بولدى. تۇرپان بىزەكلىك ئەتراپى ۋە يىپەك يولى بويلىرىدىكى باشقا شەھەرلەردىن تېپىلغان قەغەز بويۇملارنىڭ يىل دەۋرى خىتايلارنىڭ ”قەغەزنى ئوتتۇرا

تۆزلەڭلىكتىكى سەيلۇن دېگەن كىشى كەشپ قىلغان“ دەپ داۋراڭ قىلىپ يۈرگەن يىللاردىن توپ ـ توغرا 400 يىل بۇرۇندۇر. باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل مىڭ ئۆي غارلىرىدىكى تام سۈرەتلىرى ئىچىدە (104 ـ نومۇرلۇق رەسىمدە) گالىستۇك تاقىغان بىر ئادەم تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئىلگىرى نۇرغۇن تۈركئولوگلار بۇ رەسىمدىكى ھازىرقى زامان ياۋروپا پاسونىغا يېقىن قىياپەتتە كېيىنگەن ئادەمنىڭ تۇرقىغا قاراپ ”مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىنى ۋىزانتىيىلىكلەر سىزغان بولۇشى مۇمكىن“ دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئىدى. ئەمما ئۆمۈر بويى تۈركلەر تارىخىنى (مەدەنىيىتىنى) تەتقىق قىلغان گېرمانىيە ئالىمى ۋون گابائىن خانىم بۇ قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ۋە: ”بۇخىل كېيىم، بۇخىل مەدەنىيەتنى تۈركلەر بارلىققا كەلتۈرگەن؛ ’گالىستۇك‘ سۆزى تۈرك تىلىدىكى ’گالغا ئاستۇق‘ (گالغاستۇق) دېگەن سۆزنىڭ ياۋروپا تىللىرىدىكى بۇزۇلغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر“ دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردى. تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز دۆلەت قۇرغان، مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرغان، كېيىمنى دەزماللاپ كېيىشنى بىلگەن زامانلاردا بۈگۈنكى مەدەنىيەت دۇنياسىدىكى خېلى كۆپ مىللەتلەر تارقاق بەگلىك ھالىتىدە، تۇرمۇش جەھەتتىكى مەدەنىيىتىمۇ ئىنتايىن قالاق ھالەتتە تۇراتتى ...

تەپسىلى تارىخى پاكىتلارنى كەلتۈرۈش كىتابىمىزنىڭ ئاساسى مەخسىدى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قېرىنداشلىرىمىزنى تارىخ كىتاپلىرىنى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىش بىلەن چەكلىنىمىز، چۈنكى، ئەسلىنى ئۇنتۇش بىزنىڭ بۈگۈنكى قىسمىتىمىزدەك قىسمەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەنە شۇنداق پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە خەلقىمىز قاچاندىن باشلاپ قالاقلىق، خارلىق ـ مىللى قۇللۇققا قەدەم باستى؟ بۇنىڭغا بىز دادىل ھالدا ئاپپاق خوجا دەۋرىدىن باشلانغان جاھالەتلىك قارا تارىخنى باش جىنايەتچى دېيەلەيمىز. ئەنە شۇ دەۋردىن باشلاپ بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا بىدئەدلەر ئارىلاشتى. دىنىي تون بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ئەمەلىيەتتە كىتابۇللاھقا زىت بولغان قىلىقلار مىللى خاراكتېرىمىزنى بۇزدى، ئەقىدە ئىزىدىن چىقتى. ئاپپاق خوجا بولسا خىتايلاردىن ياردەم سوراپ، ئەڭ دەسلەپ خىتاي قوشۇنلىرىنى ۋەتىنىمىزگە باشلاپ كىرگەن ”مۇناپىقلار پىرى“ دۇر.

شۇنداق بولسىمۇ بۇ دەۋردىكى دۆلەت يەنىلا مىللى دۆلەت سۈپىتىنى ساقلاپ قالغانىدى. لېكىن ئەقىدىنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە بۇزۇلىشى، ئېتىقادقا ساختىلىق ئارىلىشىشى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىن بۇزۇلغان ئاڭ تۈپەيلى مىللى كىملىك تۇيغۇمىز زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونىمىغان مىللەت ناھايىتى ئاسانلا مۇنقەرز بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئىسلام دىنى تۈپ پىرىنسىپ جەھەتتىن جامائەتچىلىك، ئۆملۈك قارىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما بۇ دەۋردە ئىسلام ئىدىيىسىگە زىت بولغان شەخسىيەت ئەۋج ئالدى؛ دىنىمىزدا ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق مەخلۇقتىن مەدەت تىلەش مۇشرىكلىك سانىلاتتى، بۇ دەۋردە بولسا ئاللاھقا شېرىك ھالدا ئاتالمىش "ئۇلۇغ قەبرىلەر"، "ئۇلۇغ شەخسلەر" ۋە "پىر" لار پەيدا بولدى. ئېتىقادىمىزدىكى مەڭگۈ بىر مەنبەگە تەلپۈنۈش، بىر مەركەزنى دەۋر قىلىش ئەقىدىسى (ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، ئۆزىمىزدىن بولغان ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشتەك تەشكىللىك جامائە ئېڭى) نىڭ ئەكسىچە نۇرغۇن ئۇششاق "مەركەز" لەر، "كىچىك تەلپۈنمە نۇقتىلىرى" پەيدا بولغاچقا، ئىنسانلار ئېڭىدا ئاسانلا بۆلۈنۈش كەيپىياتى، ھەركىتىدە چېچىلاڭغۇلۇق، خاراكتېرىدە شەخسىيەتچىلىك باش كۆتەردى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەۋلادلارنىڭ تۇنجى ئۇستازى بولمىش ئانىلارنىڭ مەسچىتتە ناماز ئوقۇشى، بىلىم ئېلىشى چەكلىنىدىغان (ئىسلامغا يات) غەلىتە ئادەتنىڭ تۈپەيلىدىن ئانىلار دىنى تەرغىبات ئاڭلاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغاچقا، ئانىلار ئاڭسىزلاشتى، ئاڭسىز ئانىلارنىڭ تەربىيىسىدە بالىلارمۇ ئاڭسىز ئۆستى. ئەسلىدە مەسچىتلىرىمىزدە خاس جايلار ئايرىلغان بولىشى، ئاياللارمۇ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشى كېرەكىدى، بۇ ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈن مىسلىسىز پايدا كەلتۈرىدىغان ئىش ئىدى. بۇخىل چەكلەش قۇرئان ۋە ھەدىستە دەلىلسىزدۇر (گەرچە بۇ خاتا پۈتۈنلەي ئاپپاق غوجا دەۋرىنىڭ جىنايىتى بولمىسىمۇ، بۇ خىل پايدىسىز پەتىۋالار بۇ دەۋردە تېخىمۇ قۇۋۋەتلەندۈرۈلدى).

ھەقنى كۆرمەس بولغىنىمىز ئۈچۈن، جىھادنىڭ پەرزلىكىنى خاتىرىمىزدىن كۆترىۋەتتۇق، جىھادنىڭ پەرزلەتلىرىدىن غەپلەتتە قالدۇق.

جىھاد چۈشەنچىسىنىڭ سۇنىشى بىلەن، ئەسلىدە كاپىرلارنى قورقۇتىدىغان بۇ نەرسە ئۆزىمىزنى قورقۇتىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئەنە شۇ ھالەتتە 1759 - يىلى تۇنجى قېتىم ۋەتىنىمىز خىتايلار تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىپ، خەلق قۇللۇققا مەھكۇم بولدى، پېشانىمىزغا نۇمۇس تامغىسى بېسىلدى. مۇنقەرزلىكتىن كېيىن خەلقىمىز ئەسلى ۋە نەسلى، دىنى ھەم تىلى يات بولغان دۈشمەنگە قۇل بولۇشنى قوبۇل قىلالماي سانسىز قېتىم قوزغىلاڭ قىلغان بولسىمۇ، ئەقىدىنىڭ بۇزۇقلىغى (ئاللاھقا بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ مۇستەھكەم ۋە تەۋرەنمەس بولالمىغانلىقى) تۈپەيلى، نىيەتنىڭ بىر مەقسەت، بىر نىشان ئۈستىدە (ئاللاھ يولىدا) بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكى، ئۆملۈك قارىشى ئورنىدا ئەۋج ئالغان شەخسىيەتچىلىك دۈشمەننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئوبدان يوچۇق بولۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنقىلاپلىرىمىز (جىھادلىرىمىز) پاجىئەلىك تۈردە مەغلۇپ بولدى. تاكى ياقۇپبەگ دەۋرىگە قەدەر سانسىز قۇربان بەرگەن بولساقمۇ يېڭى ھاكىمىيەت تىكلەشتە پۈتۈشەلمەي، باشلامچىلار ئارىسىدىكى شەخسىيەتچىلىكتىن كېلىپ چىققان مەن مەنلىك، مەن مەنلىكتىن مۇقەررەر ھالدا تۇغۇلىدىغان بىر بىرىنى ئورنىغا ئىتتىرىش خاھىشلىرى، ھەتتا بىر مۆمىن قېرىندىشىدىن دۈشمەننى ئەلللىق كۆرىدىغان گاڭسا روھى ھالەتلەر تۈپەيلى، بىر پۈتۈن مىللى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. تاشقى دۈشمەن پاكىزە تازىلانماستىنلا ئىچكى غەۋغالار كېلىپ چىقىپ، يەنە قۇللۇققا چۈشۈشكە تاس قالغان بىر چاغدا، خەيرىيەت ، ياقۇپبەگ بۇ چۇۋالچاق يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرقەدەر مۇكەممەل ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقتى. ئۆزلىرىمىز پۈتۈشەلمەي، قوقان خانلىقىدىن ئازغىنە ئادەم بىلەن كەلگەن ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى – مەزھەپچىلىكتە، شەخسىيەتچىلىكتە قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىمىزنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئەقىدىسىگە ياتتۇر! بىر ئەمىرگە بوي سۇنۇش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى ئىدى. بىراق، ھەربىر ئادەم ئەمىر بولغۇسى كېلىدىغان شەخسىيەتچىلىك – گۈزەل ئەقىدە ئورنىغا دەسسىۋالغان.

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى بىزنىڭ قۇللۇق تارىخىمىزنى 14 يىل ئۈزۈپ قويدى. ئاندىن خىتاي جاللاتلىرى يەنە ئىستىلا ھەركىتى باشلىدى. بۇ تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتى چاررۇسسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا گوبېرناتورى گېنېرال كائوفماننىڭ بۇيرىقى بىلەن كاپىتان كوروپاتكىننىڭ ۋەتىنىمىزنى زىيارەت قىلىش ۋە ياقۇپبەگ بىلەن چېگرا كېلىشىمى قىلىش باھانىسىدا كېلىپ توپلىغان ھەربى ئاخباراتلارنى خىتايلارغا سېتىپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەنىدى. ئەينى دەۋردە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى شەرقتىكى قۇدرەتلىك دۆلەت ھېساپلىناتتى. بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ شۇنچە تېزلا مۇنقەرز بولۇشىنى يەنىلا ئەقىدىنىڭ بۇزۇقلىقىدىن دېيىشكە ھەقلىقمىز. ”چۈنكى، ئەينى زاماندا تۇرپان، توخسۇن دائىرىسىدە 30 مىڭ مۇسۇلمان ئەسكىرى، تۇرپاننىڭ ئامبارلىرىدا بۇ ئەسكەرلەرگە 30 يىل يەتكۈدەك زاپاس ئاشلىق باردى“[1]

ئا.ن. كوروپاتكىن شۇ چاغدىكى خەلقىمىزنىڭ مىللى خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقنى ئۈچ نوقتىغا يىغىنچاقلاپ، «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ: ”بۇ ئادەملەرنىڭ تەلۋىلەرچە دىنى ئەسەبىلىكى، ساختىپەزلىكى، مەزھەپچىلىكى – بۇ دۆلەتتە تا بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان يېڭى بەختسىزلىكلەرنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر“. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بىزنىڭ تارىخىي دۈشمىنىمىز بىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىمىزغا ئۇستا دوختۇردەك دىئاگنوز قويۇپ چىققان. بىز ئەقىدە ئوقىدىن چەتنەپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن نورمال ۋە توغرا دىنى ئېتىقاد ئورنىغا دىن تونىغا ئورۇنىۋالغان ساراڭلىق، بەدەۋىيلىك، قىسقىسى ئەقىل قوبۇل قىلغۇسىز بىدئەدلەر يەر ئالغان؛ توغرا دىنى ئەقىدىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئادەملەر ئاللاھتىن قورقمايدىغان، بىر بىرىگە ساختا قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىشتىمۇ ساختا قىلىدىغان، ھېچبىر ئىشنى توغرا ۋە خالىس نىيەت بىلەن قىلمايدىغان، ھېچ بىر قېرىندىشىغا ئىشەنمەيدىغان گۇمانخور،

[1] مۇللامۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىگە قارالسۇن — ئا.

شۇنداقلا ئۆزىمۇ باشقىلار ئالدىدا ناھايىتى ئىشەنچىسىز ھالغا كەلگەن؛ ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ” جىمى مۆمىنلەر قېرىنداش“ دېگەن ئەقىدىگە خىلاپ ھالدا مەزھەپچىلەرگە، يۇرتۋازلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ ئىللەتلەر بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. يەنە شۇ كوروپاتكىن «قەشقەرىيە» دە شۇنداق يازىدۇ: ”قەشقەرىيەلىكلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ئىنتايىن ئاجىز، ... ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بىردەملىك خاتىرجەملىك ئۈچۈن تارىخى دۈشمىنىگە خىزمەت قىلىشقىمۇ رازى بولىدۇ...“. مانا بۇ بىزنىڭ رەسۋالىقىمىزدۇر. ”ۋەتەن سۆيمەك ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر“ دېگەن ئاتا سۆزلىرىنىڭ روھى بويىچە، بىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئەقىدىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. كۆزئالدىمىزدىكى بىردەملىك قىيىنچىلىق –يەنى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش، جىھادنىڭ قىيىنچىلىقلىرى – مەسىلەن: پۇل ـ مال چىقىم بولۇش، يارىلىنىش، ھەتتا قۇربان بېرىش قاتارلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە ئەجىر (بۇ دۇنيادا ھۆرلۈك، ئۇ دۇنيادا جەننەت) نى كۈتۈشكە تاقىتىمىزنىڭ بولمىغانلىقى، ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىر كۈننى ئۆتكۈزىۋالساق شۇنىڭغا گول بولىدىغان، بۇنى تېخى ”ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىش“ دەپ چىرايلىق ئاتىۋالىدىغان ئاجىزلىقلىرىمىز بىزنىڭ ئەمەلىيەتتە دىندىن چىققانلىقىمىزنى ئىسپاتلايتتى.

”**بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە** (جىھادقا ئەمىر قىلىش، مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) **سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن** (ئاللاھنىڭ يولىدا) **جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە** (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) **چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر**“ (سۈرە ”مۇھەممەد“ 31-ئايەت).

روشەنكى بىز ئاللاھنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلمىدۇق. بىردەملىك خاتىرجەملىكنى، كۆز ئالدىمىزدىكى راھەتنى دەپ ئاخىرەتنى ئۇنتۇش (بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىماسلىق) ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى ھالدا كاپىرلارغا خىزمەت قىلىش روشەن گۇمراھلىق بولاتتى، ئەلۋەتتە. مۆمىنلەر پەقەت ئاللاھتىن شاپائەت ۋە ياردەم تىلىشى كېرەككى، مەخلۇققا يۆلەنمەسلىكى كېرەكدى. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە قىلغان تۇزكورلىقىمىز

تۇپەيلى ئاللاھ بۇ خارلىقنى بېشىمىزغا كەلتۈردى. ئەمەلىيەتتە بىز كۆپرى قىلىش بىلەن ئۆز- ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق. بەندىلەرنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرى "قۇرئانى كەرىم" دە ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويۇلغاندى:

**"پەرۋەردىگارىمىز، بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز"** (سۈرە "ئەئراف" 23 - ئايەت).

شۇنداق، ئېتىقادى سۇسلىشىپ كەتكەن خەلق بۇ سىناقتا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغداش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇپ قېلىش – كاپىر بالاسىدىن كوللىكتىپ قۇتۇلۇش ئىدىيىسى بولمىغانلىقى (ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ئۆملۈك، جامائەتچىلىك ئىدىيىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى) ئۈچۈن، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىلا ئويلاپ، ھەربىر شەخس ئۆزىنىلا "قۇتقۇزۇش" كويىغا چۈشتى. ئىستىلاغا دۇچ كەلگەن دۆلەتتە، قۇللۇققا دۇچ كېلىۋاتقان مىللەتتە قانداقتۇر شەخسىي قۇتۇلۇشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ھۆرلۈك ۋە ئازاتلىقنىڭ دۆلەتكە، مىللەتكە ئورتاق ئىكەنلىكىنى، يا ئومۇمى يۈزلۈك قۇل بولۇش ياكى يوقۇلۇش؛ يا ئومۇمى يۈزلۈك قۇتۇلۇشلا بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگىدەك ھالى بولمىغان بۇ خەلق جىھاد قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئىمانى كامىل بولمىغان ئەمىرلەرنىڭ بىر قىسمى ۋەتەننى خىتايغا قوش قوللاپ تۇتۇشقا كىرىشتى. بەزىلىرى، (قوقاندىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى) راھەت سۈرگەندە ھازىر بولۇپ، خەتەر كەلگەندە خەلقنى، تۇپراقنى تاشلاپ قېچىشتى. خەلقنى تەشكىللەيدىغان ئادەمنىڭ تايىنى بولمىدى. ئاھ بەختسىز خەلق!... خىتايلار "ھارۋۇدا توشقان ئېلىش" تەك ئاجايىپ ھىلىگەرلىكى بىلەن ئالدامچىلىق سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزگەچكە، ئەقىدىسى بوشاپ كەتكەن، كاپىر نېمە؟ مۆمىن نىمە؟ ئىلغا قىلالماس بولۇپ قالغان خەلق: "خىتايلار بەگلەردىن ياخشىراقكەن" دېگەندەك ئېزىتقۇلۇققا ئالداندى. بۇ ھالدا جىھاد قىلماقچى بولغان ئايرىم بەگلەرگىمۇ خەلق تەرىپىدىن كۈچلۈك قوللاش بولمىدى. ياقۇپبەگنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىدا ھەقىقى جىھاد ئېڭى، ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەنسەپ تاماسىدىكى ئايرىم بەگلەرنىڭ زورى بىلەن توپىنى ساقلاپ تۇرىۋاتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەنىۋى ئىشەنچىسىنى يوقاتقان، جەڭگىۋارلىقى

سۇنغانىدى! بۇ هالدا ئاللاھنىڭ يارىدىمىمۇ بولمايتتى. نەتىجىدە شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيەت – قۇللۇق بىزگە يۈزلەندى...! خىتايلار پۈتۈن ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئالدامچىلىق چۈمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، دەھشەتلىك تۈردە قەتلىئام باشلىدى. ئۇزاق قەدىمقى تارىختىن بېرى تۈرك دۈشمىنى بولغان، بىز (تۈركلەر) نى ھېچقاچان ئاشكارا جەڭ مەيدانىدا يېڭەلمىگەن، ھىلە بىلەنلا مەخسىدىگە يەتكەن، ئۇزاق ئۆتمۈشتە ئەجداتلىرىمىزنىڭ زەربىسىدىن قورقۇپ سەددىچىن سېپىلىنى سوقۇشقا مەجبۇر بولغان، ۋۇجۇدىدا قىلچىلىك مەرتلىك تۇيغۇسى، خىجىللىق تۇيغۇسى بولمىغان خىتايلار خوتۇنلارچە يارىماسلىق – نامەرتلىك بىلەن، مۇنقەرزلىككە چۈشكەن خەلقنى، قۇرالىنى تاشلىغان، قارشىلىقنى توختاتقان خەلقنى رەھىمسىز قىرغىن قىلدى. ئىلگىرى – 1759 ـ يىلىدىكى دەسلەپكى ئىستىلادىمۇ ئۇلار قارشىلىق توختىغان، خەلق قۇرالنى تاشلىغان ئەھۋالدا ئەنە شۇنداق نۇمۇسسىز نامەرتلىكنى قىلغانىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق قەتلىئامدا ــ ھەر بىر قېتىمىدا 2.5– 5 مىليونغىچە خەلق قىرىۋېتىلگەنلىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن مۆلچەرلەنمەكتە. خىتايلار ئۆي ـ ئۆيدىن ئاشكارە ـ يوشۇرۇن تۇتقۇن قىلىپ ئاچىقىپ قىرغىن قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ،ئۆلگەنلەرنى كۆرۈپ تۇرىدىغان باشقا شاھىد بولمىغاچقا، خەلقنىڭ غەزەپ ئوتىدىن ساقلىنىپ كەلمەكتە (خىتايلار مۇشۇ كۈندىمۇ ھەر يىلى جازا لاگىرلىرىدا، مەخپى تۈرمىلەردە 300 مىڭ قەدەر قېرىنداشىمىزنى ئۆلتۈرۈشنى داۋام قىلماقتا). خىتايلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى قارشىلىقنىڭ يىلتىزىنى تۈگىتىش، خەلقنى (ئاھالىنى) شالاڭلىتىش ئارقىلىق، قارشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، مەڭگۇ باش كۆتۈرەلمەيدىغان كۈچ نىسبىتىنى ساقلاشنى مەقسەت قىلغاندۇر (بۈگۈنكى كۈندىكىسى بولسا پۈتۈنلەي يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغان). بىزدەك ئاز نوپۇسلۇق مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا يۇقۇرىدا زىكرى كەچكەن ئىككى قېتىملىق قەتلىئام كىشىنى چۆچۈتكىدەك چوڭ ساندۇر. چۈنكى ئۈچ يىل داۋام قىلغان كورىيەدىكى ئۇرۇشتا خىتايلارنىڭ ”پىدائى قىسىم“ لىرىدىن بىرمىليونى ئۆلگەن؛ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ناتىستلارنىڭ مەخسەتلىك ھالدا قىرغىن قىلىشى ئارقىسىدىمۇ يەھۇدىلاردىن 6 مىليونى ئۆلگەن. سابىق

يوگوسلاۋىيەدىن بىر مىليون ئادەم ئۆلگەن... بۇ ئۇرۇشلاردا زامانىۋى قىرغۇچى قۇراللار ئىشلىتىلگەنلىكىنى نەزەرگە ئالساق، بىز ئۇچۇن ئاشۇ 5 مىليون قورقۇنۇچلۇق سان بولۇش بىلەن بىرگە، شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇكى: "ھەر قاچان قارشىلىق قىلغۇچى ئازراق قۇربان بېرىدۇ ۋە مەنپەئەتلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ؛ بوي سۇنغۇچى كۆپ قۇربان بېرىدۇ ۋە ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ!"

ھازىرقى زاماندىمۇ خىتايلار ئوخشاش ۋاستە قوللانماقتا. ھەربىر چوڭ - كىچىك قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسىدە خىتايلار ئاۋال يۇمشاق ۋاستىلارنى ئىشلىتىپ ئالدامچىلىق قىلىدۇ، غەزەپ ئوتىنى ھارامزەدىلىك بىلەن ئۆچۈرىدۇ. ئاندىن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان ھالدا قىرغىنچىلىق باشلايدۇ. كاپىرلارنىڭ ۋەدىسىدە قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىنى ئاللاھنىڭ كالامى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ:

**"مۇشرىكلار ۋەدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن؟ ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نە تۇققانچىلىققا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. سىلەرنى ئېغىزلىرىدا خوش قىلىدۇ، دىللىرىدا** (ۋەدىسىدە تۇرۇشنى) **خاھلىمايدۇ** (يەنى ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلىگىنى بىلەن كۆڭۈللىرى ئاداۋەت، نىپاق بىلەن تولغان). **ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر"** (سۈرە "تەۋبە" 8 - ئايەت).

لېكىن، تەۋھىد، ئەقىدىدىن ئايلىناچان چەتنەپ، شىرىك ئەقىدىلەر بىلەن چىرمىلىپ قالغان خەلق ئاللاھنىڭ توغرا يولىنى نەدىن بىلسۇن؟ شۇنىڭ ئاقىۋىتىدە زىيان تارتىمىز. بۇ تارىخ ھەمىشە تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ، ھازىرغىچە تەكرارلىنىۋاتىدۇ. بىز خىتايلارنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىزمۇ؟ ياق، ئېسىمىزدە بار. بىراق، ئەقىدىنىڭ بۇلغانغانلىقى تۈپەيلى، مۇشرىكلىك بىلەن خىتايلارنىڭ شاپائەت قىلىپ قېلىش ئېھتىمالىنى تاما قىلىپ، "ھەر قېتىم ئۇنداق بولىۋەرمەس، بۇ قېتىم رەھىم قىلىپ قالار" دېگەن خام تامادا بولىمىز. ھالبۇكى، بۇ ئۈمىد ئاللاھتىن كۈتكەن ئۈمىد بولماستىن، مەخلۇقتىن، يەنە كېلىپ كاپىردىن كۈتۈلگەن ئۈمىد بولغانلىقى ئۈچۈن روشەن گۇمراھلىقتۇر! بۇنىڭ جازاسى نېمە بولماقچى؟ بىز ھازىر دۇنيادا ئەڭ خار، ئەڭ زەبۇن، ئەڭ نامرات ياشاۋاتقان خەلقمىز. ھېچقانداق قول

بولغۇچى بىر مىللەت بىزدىن بەتتەر خورلۇق تارتمىغان ۋە تارتمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز قىلدۇق. كىتاۋىمىز مانا شۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. ئىسلام دىنى دېگەن زادى قانداق دىن؟ ئۇنىڭ ئەڭ تۈپ تەشەببۇسى – ئەڭ تۈپ ئىدىيىسى نېمە؟ جىھاد دېگەن نېمە؟ بۇلارغا جاۋاپ بېرىش بۇ كىتاپنىڭ ئاساسى مەقسىدى.

يوقۇرىدا زىكرى قىلغىنىمىزدەك بىزنىڭ "ئالىم" لىرىمىزدا ئاللاھنىڭ كالامىنى جان بېقىش دەسمايىسىگە ئايلاندۇرىۋېلىش خاھىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرغىچە ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەھكاملىرى تولۇق تەرغىپ قىلىنمىدى، چۈشەندۈرۈلمىدى، ئىسلام دىنىمىزنىڭ پارلاق سەلتەنەتلىك ھەقىقىتى ئەلگە تونۇتۇلمىدى. بۇ تۈپەيلى بىز يوق قىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. ئاللاھنىڭ كىتابىدا شۇنداق دېيىلىدۇ:

"... **ئۇچۇرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاپ تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر**" (سۈرە "شۇرا" 39 - ئايەت).

بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندىچۇ؟ (يەنى زۇلۇمغا ئۇچۇراپ تۇرۇپ قارشى تۇرالمىسىچۇ؟) بۇ دۇنيادا شەرمەندە قۇللۇق، ئۇ دۇنيادا دوزاخ تەييارلىنىدۇ، دېگەن سۆز. مۇشۇ ئەسىردىكى چوڭ ئىستىلاچى گىتلېر « كۆرەشلىرىم» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان: "بىر مىللەت ئۇرۇشتىكى قىرغىنچىلىق تۈپەيلى تۈگەپ كەتمەيدۇ، بەلكى قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىدىن مەھرۇم بولۇش تۈپەيلى نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ". ئاللاھنىڭ كالامىدىكى راست ۋەدە – دۇنيانىڭ مۇتلەق قانۇنىيىتى – بىر غەيرى دىندىكى ئادەم تەرىپىدىن چۈشۈنىلگەنۇ، بۇ ھەقىقەت بىزگە دىنىمىز ئارقىلىق ئاللىقاچان بىلدۈرۈلگەن تۇرۇقلۇق بىز ئۇنى چۈشەنمەي غەپلەتتىمىز. شۇڭا بۈگۈن نەسلىمىز قۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. قۇتۇلۇش يولى بارمۇ ـ يوقمۇ؟ ئەگەر بىز ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ كالامىغا مەھكەم ئېسىلساق، ئېتىقادىمىز پاك ۋە ھەقىقى بولىدىغان بولسا، قۇتۇلۇش يولى ئەلۋەتتە شۇدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئارمىيە ھېساپلانغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى ئەڭ ئىلغار قۇراللار، يۇقۇرى تېخنىكا، ئۈستۈن ئەسكىرى كۈچكە ئىگە بولسىمۇ ئافغانىستاننى بوي سۇندۇرالمىدى. تېخنىكىسى قالاق، قۇرال ـ ياراقلىرى ئاددى ۋە يېتەرسىز، مەدەنىيىتى تۆۋەن،

ئىقتىسادى ناچار، نوپۇسى ئاز، ئارقا سەپ ياردىمى بولمىغان ئافغانىستانلىقلار نېمە ئۈچۈن غەلىبە قىلدى؟ بىر مىليونغا يەتمەيدىغان چېچەنلەر قانداق غەلىبە قازاندى؟ دۈشمەنگە سۈكۈت قىلىش – شۈبھىسىزكى، ئۆلۈم يولى! دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش ئاللاھ بويرىغان يول! غەلىبە يولى! شەرەپ يولى! جەننەت يولىدۇر! ئەنە شۇ مەنىۋى قۇۋۋەت دۈشمەننى بېسىپ چۈشىدىغان ئاساسى ئامىلدۇر! بىز دۈشمىنىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ، قۇراللىرى خىل دەپ قورقساق مۇشرىكلىكتۇر! بۇ يوقۇلۇشنى تەن ئېلىشتۇر. چۈنكى مۆمىنلەر قورقۇش توغرا كەلسە پەقەت بىر ئاللاھتىن قورقۇش كېرەك! سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: رۇسلار چېچەنلەرگە قارىغاندا نوپۇسى كۆپ، بىز بىلەن خىتايلارنىڭ نوپۇس نىسبىتىدىن تېخىمۇ زور تەتۈر رەقەم! مەسىلەن، رۇسلار ھەربىر چېچەنگە تەخمىنەن 200 دىن توغرا كېلىشى مۇمكىن؛ بىر مىليارت خىتاي بىزگە قانچىدىن توغرا كېلەر؟ ئەگەر بىزنىڭ نوپۇسىمىزنى 10 مىليون دېگەندىمۇ 100 دىن توغرا كېلىدۇ. ئەمما بىز ئەمەلىيەتتە 30 مىليون خەلقمىز. ئۇ ھالدا دۈشمەن ھەربىر شەرقى تۈركىستانلىققا 30 دىن توغرا كېلىدۇ. بۇ سانىنى چېچەنىستان بىلەن رۇسسىيەنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا روبىرو قىلساق خېجىللىقتىن يۈزىمىز قىزارماسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتايلار تەرەققىيات سەۋىيىسى، ھەربى كۈچى ۋە ئىنسانى ساپاسى جەھەتلەردە رۇسلاردىن ئاسمان - زېمىن پەرق بىلەن تۆۋەن تۇرىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، باھانىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز، پەقەت ئېتىقادنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى، ساختىلىشىپ كېتىشى، ئەقىدىنىڭ زەئىپلىگى ئەڭ مۇھىم سەۋەپتۇر. رەسۇلۇللاھ شۇنداق دېگەن:

**”ئەگەر سىلەر ئىسلامدا چەكلەنگەن نەرسىلەرگە ئەگەشسەڭلار، دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تۇتماي ھىلە ئىشلەتسەڭلار، ئۆز ئاراڭلاردا قىلىۋاتقان دېھقانچىلىق ۋە تىجارىتىڭلارغا** (ياكى شۇنىڭدەك باشقا جاھاندارچىلىق يولۇڭلارغا) **رازى بولۇپ يۈرىۋەرسەڭلار ھەم جىھاد قىلىشتىن باش تارتساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەرگە خارلىقنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ دىنىڭلارنى تاپمىغىچە ئاللاھ خارلىقنى كۆتىرىۋەتمەيدۇ“** («ئەبۇ داۋۇد»).

ئەقىدە زەئىپلىكى تۈپەيلى خىتايلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن ئاجىز ھالقىلىرىمىز كۆپەيگەن. مەسىلەن: خىتايلار ھازىر بىزگە سۈنئىي ھالدا زەھەرلىك چېكىملىك تارقىتىش ئارقىلىق يوقۇتۇش، كېرەكسىز قىلىۋېتىش تاكتىكىسى ئىشلىتىۋاتىدۇ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىمۇ سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن ۋىرۇس ۋە باكتېرىيىلەر ئارقىلىق خەلقىمىزگە تارقىتىۋاتىدۇ (بۇ كېسەللىكلەر ئېرىسىيەتكە ئايلىنىدىغان كېسەللەر). ئەقىدىدىن ئىبارەت مەنىۋى قورغاندىن چىقىپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن بۇ زىيانكەشلىكلەردىن ساقلىنىشقا ئامالسىزمىز. بىزنىڭ نۇرغۇن ياشلىرىمىز بۇ توزاققا دەسسىمەكتە. ئەگەر ئۇلاردا ھەقىقى ئىسلام ئەقىدىسى بولسىدى، زەھەرلىك چېكىملىك چەكمىگەن بولاتتى، ھەتتا تاماكىمۇ چەكمەيتتى. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئىنسانغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەر، ئىسراپچىلىق تۈردىكى نەرسىلەر ھارام دېيىلىدۇ، چەكلىنىدۇ، بۇ بىرى؛ ئىككىنچىسى، نامراتچىلىق باھانىسىدا بىر مۈنچە خوتۇن ـ قىزلىرىمىز خىتايلار بىلەن نىكاھلانماقتا، بىرمۇنچىلىرى بولسا مىللى كىملىك تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولغانلىقى (دىنى ئەقىدىسىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس) ئۈچۈن خىتايلار بىلەن نىكاھلانماقتا؛ يەنە بىر مۇنچىلىرىنى خىتايلار يۇقۇرى مائاش يەمچۈكى بىلەن ئالداپ ئىچكى خىتايغا ئەپكېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنى نېمە رەسۋا ئىشلارغا سېلىشى ئاللاھقا ئايانكى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللى يوقۇتۇش يوللىرىدۇر. سۈنئىي ھالدا يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىتىشمۇ بىزنىڭ، خىتايلارغا ماسلىشىش مۇناسىۋېتىدە بولغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا. ئەگەر بىزدە ئەقىدە ساپ بولىدىغان بولسا خىتايلارغا قارشى مادارىسىز ۋە ئۆچمەس نەپرەت ساقلىناتتى. ئۇ ھالدا خىتايلارنىڭ يوقۇتۇش پىلانلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن زور توسالغۇ بولغان بولاتتى. ۋاھالەنكى، بۇ نەپرەت چىن ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ھىس قىلىش تەس ئەمەسكى، ھەقىقىي ئىسلام ئەقىدىسى بولغان بولسا شۇ ئاياللار نامراتلىقتىن ئۆلسىمۇ خىتايلار بىلەن نىكاھلانمايتتى؛ يەنە بىرلىرى روھى زەئىپلىك بىلەن خىتايلارنى ئۇلۇغ ساناش تۇيغۇسىدا بولۇش نەتىجىسىدە ئۇلارغا تەگمىگەن بولاتتى، ئەكسىچە ئۇلارغا نىجاسەتكە قارىغاندەك يىرگىنىش بىلەن قارايتتى؛ كېيىنكىلىرى جىسمىنى پۇلغا

ساتىدىغان، يوقۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ”خىزمەت“ نى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ ۋەدە قىلغان جەننەتنى كۆزلەيتتى. ئۇچىنچى، ئىچىملىك بىزنىڭ ياشلىرىمىزنى كېرەكتىن چىقىرىۋاتقان يەنە بىر زەھەر بولۇپ، خىتايلارنىڭ ئىچىملىكنى نوقۇل هالدا ئىقتىسادى قىممەت يارىتىدىغان تاۋار بولۇشتىن باشقا سىياسى مەقسەت ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىۋاتقانلىقى ئاشكارا بولماقتا. خىتايلار مەلۇم بىر جايدا هاراق ئوبروتىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ بۇ جايدىكى خەلقنىڭ دىنىي كەيپىياتىغا، قارشىلىق كۆرسىتىش ئېهتىماللىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە باها بېرىشىدىكەن هەم شۇنىڭغا يارىشا تەدبىر تۈزىدىكەن. مەسىلەن: مەلۇم بىر شەھەردە ئەسلىدە هاراق ناهايىتى كۆپ ئوبروت بولىدىكەن، كېيىن ئوبروت تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. بۇ هال خىتايلارنى چۆچۈتىۋەتكەن. ”هاراق ئىچىدىغانلار نېمە ئۈچۈن ئازلاپ كەتتى؟ ئۇلار هاراقنى تاشلاپ ئەمدى نېمە ئىشنى باشلىدى؟“ دېگەن مەزمۇندا مۇلاهىزە ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە نۇرغۇن ياشلارنىڭ مەسچىتكە قاتنايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىقلىغان. ئۇلار دەرهال بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنى قايتىدىن تۈيۈق يولغا بۇرىۋېتىش ئۈچۈن تەدبىر تۈزۈشكە، مۇناپىقلارنى، جاسۇسلارنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشكەن. بۇنىڭدىن سىز نېمىنى چۈشەندىڭىز؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئاللاهنىڭ دىنى بىز ئۈچۈن هەقىقەتەنمۇ مەنىۋى قورغاندۇر.

خۇلاسەكالام، ئەنە شۇ مەنىۋى قورغاندىن، ئىشەنچىلىك قوغدىغۇچىدىن ئايرىلىپ قالغان خەلقىمىزنى قايتىدىن بۇ قۇدرەتلىك قۇرالغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن كىم نېمىنى بىلسە شۇنى يەتكۈزمىكى پەرزدۇر. ”ئۆلۈمدىن بۇرۇن هاياتىنىڭ قەدرىنى بىلىش“ كېرەك. ئاللاهنىڭ كالامىنى بىلىپ تۇرۇپ خەلققە يەتكۈزمەسلىك گۇناهتۇر. كەمىنە مۇئەللىپ مەدرىسە ئەهلى ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىگە مەلۇم بولغان هەقىقەتنى ئەلگە بىلدۈرۈشنى قەرز بىلىپ چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قولىغا قەلەم ئالدى. تېما بۈيۈك، ئەمما مۇئەللىپنىڭ ساۋادى ئىنتايىن تۆۋەن، شۇڭا كىتاپخانلار ئالدىدا ئۆزرۇلىكتۇر. ئەگەر بىلىمنىڭ كەملىكىنى باهانە قىلىپ، ئۆزىگە مەلۇم بولغان هەقنى ئەلگە بىلدۈرمىسە ئىدى، تەبىئىكى مۇناپىق، گۇناهكار بولاتتى. چۈنكى ئاللاھ: ”**ئى، مۆمىنلەر! ئاللاهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار،**

**سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىمەڭلار**“ (سۈرە ”ئەنفال“ 20 - ئايەت) دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەتكۈزمەسلىك ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەنلىك بولاتتى، ئەلۋەتتە. رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) شۇنداق دېگەن: ”**مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر** (چوقۇمكى) **ياخشى ئىشقا بويرۇپ يامان ئىشتىن توسايسىلەر ياكى** (شۇنداق قىلمىغىنىڭلار تۈپەيلى) **ئاللاھ سىلەرگە ئازاپ ئەكىلىدۇ. ئاندىن كېيىن سىلەر** (پۈتۈن ئۆمۈرۈڭلار بويى) **دۇئا قىلساڭلارمۇ ئىجابەت قىلىنمايدۇ**“ («تىرمىزى»).

دېمەك، كىمكى ئاللاھنىڭ ھەق دىنىدىن بىر قەترە بىلىدىكەن، ئۇنى خەلققە يەتكۈزۈشكە، ئۇلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ يامانلىقتىن توسۇشقا قەرزدۇر. چۈنكى، ”**مۆمىن مۆمىننىڭ ئەينىكى**“دۇر. رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) شۇنداق ئاگاھلاندۇرغان:

**”مېنىڭ رىزقىم ئوقيارىمنىڭ ئاستىدا، خارلىق ۋە مەھكۇملۇق مېنىڭ بويرۇقىمغا بوي سۇنمىغانلارغادۇر**“ («بۇخارى»).

ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇسى بولغان مۆمىن ئەلۋەتتە بۇ بويرۇقلارنى ئېتىبارسىز تاشلاپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى:

**”ئەگەر بىر كىشى جىھادقا تەرغىب قىلمىسا ئۇ كىشى مۇناپىق قاتارىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ**“ («مۇسلىم»).

بۇ كىتاپتا سىياسى كېڭەشتىن ۋەياكى ساقچى ئىدارىسىدىن مائاش ئالىدىغان مۇناپىق موللىلارنىڭ بۇرمىلاپ چۈشەندۇرۇشلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نوقتىئى نەزەرلىرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە «قۇرئانى كەرىم» دىن ۋە ئەڭ نوپۇزلۇق ھەدىس كىتاپلىرى – «بۇخارى»، «مۇسلىم»، «تىرمىزى»، «ئەبۇ داۋۇد»، «ئىبنى ماجە» – دىن نەقىل ئېلىندى. مەزھەپكە تەۋە كىتاپلارغا، فىقھى، ئىجتىھاد كىتاپلىرىغا مۇراجەت قىلىنمىدى. كىتاپخانلىرىمىزنىڭ ئاساسەن ئەرەپچە بىلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، نەقىل ئېلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ تەرجىمىسىلا ئېلىندى. ئەرەپچە بىلىدىغانلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ پايدىلىنىشى، شۇنداقلا دەلىللەرنى يالغانغا چىقىرىپ، دۈشمەننىڭ پايدىسىغا پەتىۋا بېرىدىغان پىتنىچىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىغا (تىرناق

ئىچىگە) سۈرە ۋە ئايەت نومۇرلىرى ئىلاۋە قىلىندى. ھەدىسلەر ئاخىرىغا (تىرناق ئىچىگە) قايسى ھەدىس كىتابىدىن ئېلىنغانلىقى ئىزاھلاندى.

بۇ كىتاپ مۇئەللىپىنىڭ دىنى ساھەدە قىلىۋاتقان تۇنجى ئەمگىكى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە "ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت" بولغانلىقى ئۈچۈن خاتالىقلاردىن خالى بولالماسلىقى تەبىئى ھالدۇر. ئازماس ئاللاھ ئازغۇن بەندىسىنىڭ نىيىتىدىكىنى روشەن كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. ھەدىسلەرنىڭ تەرجىمىسىگە ياردەم بەرگەن قىممەتلىك مۇجاھىد ئىنىلىرىم ئەبۇ خالىد، ئابدۇلفەتتاھلارغا ۋە ئەنۋەر ئەبۇ ئوسمانغا ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر تىلەيمەن.

ئاللاھ نىيەت قىلغان ئىشىمدا مۇستەھكەم قىلغاي، زېھنىمنى روشەن قىلغاي، ئاللاھنىڭ كالامى ھازىرغىچە تولۇقى بىلەن يەتمىگەن ۋەتەنداشلىرىمغا بىلگەنلىرىمنى يەتكۈزۈشكە نېسىپ قىلغاي! ئازغان ھەم ئازغانلىقى سەۋەپلىك خارلىققا قالغان خەلقىمىزنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغاي، ئەقىدىسىنى مۇستەھكەم قىلغاي، ئىمانىنى كۈچلەندۈرگەي! ئىسلام نۇرى زۇلمەتكە پاتقان دىللىرىنى نۇرلاندۇرغاي! ئىسلام نۇرى بىلەن قەلبى يورۇغان، مۇستەھكەم ئەقىدىدىن قۇۋۋەت تاپقان خەلق، ئاللاھ بۇيرىغان پەرز – جىھادقا ئاتلىنىپ، 200 يىللىق نومۇس ۋە خارلىقنى چۆرۈپ تاشلىغاي! شۇ مۇبارەك غازاتتا مۇئەللىپنى ئەڭ ئالدىدا بارىدىغان پىداكارلاردىن قىلغاي، جىھاد ئەمەلىيىتىدىن قېنى بىلەن گۈزەل تارىخ يېزىپ چىقىشقا، تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق كىتاپلارنى يېزىپ چىقىشقا مۇيەسسەر قىلغاي ۋە ئاخىرى شاھادەت شەربىتىنى ئىچىشكە نېسىپ قىلغاي! ئاللاھتائالا خارلانغان ئەلگە – پۈتكۈل مۆمىنلەرگە بىرلىك، ئۆملۈك، نۇر ۋە ئۈمىد، جۈرئەت ۋە ساباتلىق، پىداكارلىق ۋە نۇسرەت ئاتاقىلغاي، ئامىن!

ئى ئاللاھ، بىزنىڭ سەندىن باشقا پاناھىمىز يوق، ھىماتىمىز يوق، ھەممە ئىشىمىزغا ئۆزەڭ غەمخور بول، بىزگە ئاسانلىق يارىتىپ بەرگىن، بىزگە جۈرئەت ئاتا قىل، غەيرەت ئاتا قىل، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان روھ ئاتا قىل، ئامىن!

## بىرىنچى باب

# ئىسلام ئەقىدىسى توغرىسىدا

***ئەقىدە دېگەن نېمە؟***

ئەقىدە ـــ ئىنسانلارنىڭ مەلۇم بىرخىل غايىگە، ئىدىئالغا، نىشان ـ مەقسەتكە بولغان ساداقىتى، تەۋرەنمەي باغلىنىشىدۇر.

***ئۇنداق بولسا، ئىسلام ئەقىدىسى دېگەن نېمە؟***

يۇقۇرىدا دېيىلگەن تەۋرەنمەس ساداقەتنىڭ ئىسلام دىنىغا (ئىسلام دىنىنىڭ پەرز ۋە سۈننەتلىرىگە) ئائىت بولىشىدۇر. بىر ئاللاھقا بولغان ئېتىقادتا قىلچە تەۋرەنمەسلىك، تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، دىل بىلەن ئېتىراپ قىلىش، شۇنداقلا ھەرىكەت ئارقىلىق ئىسپات قىلىش – ئىسلام ئەقىدىسىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئىسلامدا بويرۇلغان پەرزلەردىن بەزىلىرىنى قىلىپ، بەزىلىرىنى قىلمىسا بۇنى توغرا ئەقىدە ياكى مۇكەممەل ئەقىدە دېگىلى بولمايدۇ. ئەڭ توغرا ئەقىدە تەقۋادارلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

**تەقۋادارلىق دېگەن نېمە؟** توغرا ئەقىدە ئەھلى بولماق ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك پەرز ئەمەللەر قايسىلار؟ قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلار قايسىلار؟ بۇلار ھەققىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەپسىلى توختىلىپ، جاۋاپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

***ئىبادەت***

ئىبادەت – بىزنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ئىلگىرى چۈشەنگىنىدەك پەقەتلا نامازئوقۇشلا ئەمەس، بەلكى بىرقەدەر كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇقۇمدۇر. ئىبادەت – ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشتا كۆزلىگەن مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتتۇر.

كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ بەندىلەرنى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقان. بۇنى بىز قۇرئاندىكى ئۇچۇق بايانلاردىن بىلەلەيمىز:

”**جىنلار ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم**“ (سۈرە ”زارىيات“ 56 - ئايەت).

ھەدىسى رەسۇلۇللاھتىنمۇ دەلىل كەلتۈرۈش مۇمكىن:

”**ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەردىكى بىردىن - بىر ھەققى – بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا ھېچنەرسىنى شىرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىدۇر**“(«بۇخارى»، «مۇسلىم»).

لېكىن شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئىبادىتىگە مۇھتاج ئەمەس. بۇنىڭغىمۇ ئۇچۇق دەلىللەر بار:

”**شۈبھىسىزكى، ئاللاھتائالا ئەھلى جاھاندىن** (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) **بىھاجەتتۇر**“ (سۈرە ”ئال ئىمران“ 97 - ئايەت).

”(ئى مۇھەممەد) **ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر، ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر**“ (سۈرە ”ئىخلاس“ 1- ئايەت).

دېمەك، ئاللاھ ئۆزى ياراتقان شەيئىلەرگە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن كائىنات ئاللاھقا مۇھتاجدۇر.

**قانداق ئىشلار ئىبادەت ھېساپلىنىدۇ؟**

شۈبھىسىزكى **ئاللاھتائالا تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلىدىغان سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەر ئىبادەتتۇر**. مەسىلەن: ناماز، دۇئا، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىنىدىغان قۇربانلىق ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئەزىز قىلىش يولىدىكى سۆز - ھەركەتلەر (جىھاد، ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل سەرپ قىلىش ۋە بۇ ئىشلارغا دەۋەت قىلىش) قاتارلىقلار. قۇرئانى كەرىمدە بۇ توغرۇلۇق شۇنداق دېيىلىدۇ:

”(ئى مۇھەممەد) **ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم** (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە ئىبادەتلىرىم) **ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر**“ (سۈرە ”ئەنئام“ 162- ئايەت).

رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) ھەدىسلىرىدە شۇنداق دەيدۇ:

”**ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى: ’بەندىلىرىم ئۆزلىرى ئۈستىگە پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن ئىبادەتتىن باشقا ھەرقانداق ياخشى نەرسە بىلەنمۇ ماڭا يېقىن بولالمايدۇ‘** “(«بۇخارى»).

***ئۇنداق بولسا قانداق قىلغاندا توغرا ئىبادەت ھېساپلىنىدۇ؟***

ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمى ۋە كۆرسىتىپ بەرگىنى بويىچە قىلىنغان ئىبادەت – ھەقىقىي ئىبادەتتۇر. ھەرخىل مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن بولمىغان مەزمۇن ۋە شەكىل بىلەن قىلىنغان سۆز - ھەركەتلەر ئىبادەت ھېساپلانمايدۇ. بولۇپمۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە دىنىي مەزھەپنى گويا پەرزلەرنىڭ بىرىدەك مۇھىم قاتاردا سانىۋېلىش خاھىشى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ”دىنىڭ نېمە؟“ دېگەن سۇئال بىلەن بىر قاتاردا ”قايسى مەزھەپتىن؟“ دەپ سوراشنى بارابەر ئورۇنغا قويىدۇ. سوراپ باقايلىكى، قۇرئاندا ياكى ھەدىستە ”مەزھەپكە تەۋە بولۇش (شىئە ياكى سۈننى — ئىمام شافىئى ياكى ئىمام ھەنىفە،... مەزھىبىدە بولۇش) — مۆمىنلىكنىڭ شەرتى“ دېگەن گەپ بارمىكەن؟ ئەكسىچە قۇرئان كەرىمدە:

**”سىلەر دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە - پىرقە بولۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خوشاللىنىدىغانلاردىن (بولماڭلار)“** (سۈرە ”رۇم“ 32- ئايەت) دېيىلگەن. شۇ نەرسە سەمىمىزدە بولىشى كېرەككى، پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) ھايات ۋاقتىدا ئىسلام دىنىدا قانداقتۇر مەزھەپ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن بويىچە ۋە پەيغەمبىرىمىز (س.ئە. ۋ) نىڭ قىلغىنى بويىچە ئىبادەت قىلىناتتى. ھېلىمۇ مەزھەپكە تەئەللۇق كىتاپلارنى مىزان قىلىۋالماي، قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلىساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مەزھەپنىڭ بىزگە ئەمەس، بەلكى دۈشمەنگە پايدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن خىتايلار ئالدامچى، مۇناپىق مولللار ئارقىلىق مەزھەپچىلىكنى كۈچەيتمەكتە. توغرا يولنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار چەتكە قېقىلماقتا، ئاۋامغا سەت كۆرسىتىلمەكتە. خەلقارادىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەزھەپچىلىكىدىن پايدىلىنىپ جاھانگىر دۆلەتلەر ”كاللا سوقۇشتۇرۇش“ تاكتىكىسى يۈرگۈزمەكتە. رۇسسىيىنىڭ ئەركىن دېموكراتلار پارتىيىسى داھىسى ژېرنوۋىسكى «رۇسسىيىنىڭ تەقدىرى» ناملىق كىتابىدا ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا چار پادىشاسى پېترنىڭ توڭلىماس پورتقا ئىگە بولۇش (جەنوپ تەرەپتە دېڭىزغا چىقىش) غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ رايوندىكى مۇسۇلمان ئەللىرى — (ئافغانىستان، پاكىستان، ئىران ۋە ئىراق) نىڭ دىنى مەزھەپ زىددىيىتىنى كوچىلاش ئارقىلىق يوچۇق تېپىشنى ۋە ئۇلار بىلەن

مۇسۇلمان تۈركلەرنى سوقۇشقا سېلىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئايەتتە شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ:

**”ئى، مۆمىنلەر، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى** (كۇفرى، نىپاق ۋە رىيا بىلەن) **بىكار قىلىۋەتمەڭلار“** (سۈرە ”مۇھەممەد“ 33- ئايەت).

ھەدىستىمۇ بۇ ھەقتە بايانلار بار:

**”ھەر قانداق ئادەم بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز بولمىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلسا** (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) **مەقبۇل ئەمەس“** («مۇسلىم»).

مەزھەپلەرگە، پىرقىلەرگە بۆلۈنۈش كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغانلىقىنى ئويلاپ كۆرەيلى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغانمۇ؟ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغانمۇ؟ ئاللاھنىڭ بۇ خىتابىنى ئېسىمىزدە تۇتايلى:

**”ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا** (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) **مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار** (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار). **ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نىممىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى. ئاللاھنىڭ نىممىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار ...“** (سۈرە ”ئەنفال“ 103- ئايەت).

ئىبادەت ئاللاھتىن قورققان ۋە رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا قىلىنىشى كېرەك.

”(شۇنداق مۆمىنلەركى) **ئۇلار نامازلىرىدا** (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكىدىن) **ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر“** (سۈرە ”مۇئمىنۇن“ 2- ئايەت).

ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋاقتتا ھەممە شەيتانى ئوي - خىياللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، پۈتۈن ئېسى - يادى بىلەن، گويا ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساپ بېرىۋاتقاندەك، ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك ھىسسىيات (تەسەۋۋۇر) غا چۆمگەن ھالدا ئىبادەت قىلىش – ئىبادەتتىكى ***”ئىھسان“*** دېيىلىدۇ. بۇ يوسۇندا (ئىھسان بىلەن) ئىبادەت قىلىش مۆمىنلەرنىڭ بىر سۈپىتىدۇر. قۇرئانى كەرىمدە: **”ئۇلار** (مۆمىنلەر) **پەرۋەردىگارىنىڭ** (ئازابىدىن) **قورقۇپ،**

(رەھمىتىنى) **ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ“** (سۈرە ”سەجدە“ 16- ئايەت) دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە:

”**ئاللاھ سېنى نامازغا قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى** (سەجدىگە بارغانلىق، رۇكۇغا بارغانلىق ۋە قىيامدا تۇرغانلىق) **ھەركىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ“** (سۈرە ”شۇئەرا“ 219- ئايەت) دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئېھسان ھەققىدە رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) ھەدىسلىرىدە شۇنداق دېيىلىدۇ:

”**ئېھسان دېگەن، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرغاندەك** (قورقۇپ ۋە ئۈمىد قىلىپ) **ئىبادەت قىلىش دېمەكتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ“** («مۇسلىم»).

مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە شۇنداق ئايەتلەر بار:

”**ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى،ئاللاھ ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ** (تىترەيدۇ)، **ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەرزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن** (ياخشىلىق يوللىرىغا) **بېرىدۇ“** (سۈرە ”ھەج“ 35- ئايەت).

”**پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنۇچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا** (كامىل) **مۆمىنلەردۇر. ئۇلار** (مۇكەممەل رەۋىشتە) **ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل - مالدىن** (خۇدا يولىدا) **سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقى مۆمىنلەردۇر، ...“** (سۈرە ”ئەنفال“ 2~ 4- ئاايەتلەر).

”**سەدىقە بېرىدىغان، ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا** (ھىساپ بېرىش ئۈچۈن) **قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر، ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ياخشى ئىشلارنى** (باشقىلارنىڭ) **ئالدىدا قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر“** (سۈرە ”مۇئمىنۇن“ 60~61- ئايەتلەر).

”(شۇنداق مۆمىنلەركى) **ئۇلار نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ ۋە ئاخىرەتكە جەزمەن ئىشىنىدۇ“** (سۈرە ”نەمىل“ 3- ئايەت).

”**مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە**

**قىلغان هالدا كۆرىسەن. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا** (ئۇلار) **شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلىقى ۋە كۆركەم كۆرۈنىشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ،** (مۆمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) **كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى“** (سۈرە”فەتىھ“ 29-ئايەت).

بۇلار تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. دېمەك، ھەقىقىي مۆمىن تەۋھىد ئەقىدىدە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە بولغان ئەقىدىدە) مۇستەھكەمدۇر.

ئۇنداقتا **تەۋھىد دېگەن نېمە؟** تەۋھىد – ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش، ئاللاھنى كائىناتنىڭ يىگانە ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى دەپ بىلىشتۇر. ئاللاھ قىلغان ئىشلىرىنى ئۆزى يەككە هالدا (هېچبىر كۈچنىڭ ياردىمىسىز) قىلغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىش ۋە ئىتائەت قىلىش — **تەۋھىدى رۇبۇبىيەت** دېيىلىدۇ. مەسىلەن: بارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھ ۋۇجۇتقا كەلتۈردى ۋە بىرخىل قانۇنىيەت ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇردى، دەپ بىلىش؛ ئىنسانلار تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان ”ئاجايىپ - غارايىپ“ لارغا هەيران قېلىش بىلەن مۇشرىكلىق گۇناهى ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىش، ئەكسىچە كەشپىياتچىنىڭ ئەقلىلىق بېشىنى، كەشپىيات ئۈچۈن لازىم بولىدىغان شەيئىلەرنى (ئەسلى خام ئەشياسىنى) ياراتقان ئاللاھقا هەمد ئېيتىشىمىز، ئالىمغا ئاللاھ ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرگەننىلا ”كەشىپ“ قىلىدىغانلىقىنى ئەقلىمىزگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ جەھەتتە مۇشرىكلىق گۇناهى سادىر قىلىش ئەهۋالى ناهايىتى ئېغىردۇر. ئاللاھنىڭ تەك ۋۇجۇت ياراتقۇچى، هەممىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ، ئىختىيارسىز هالدا ئاللاھقا شىرىك كەلتۈرىمىز، ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلارنىڭ سانى ئاشماقتا. بۇ جەھەتتە بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتايدىغانلارنىڭ تەۋھىدى

رۇبۇبىيەت جەھەتتىكى سۈپىتى ئىپتىدائى ئىسلام دەۋرىدىكى مۇشرىكلارنىڭ سۈپىتىدىنمۇ ناچارلىشىپ كەتتى.

”(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) **ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئاسماندىن** (يامغۇر ياغدۇرۇپ) **زېمىندىن** (گىيا ئۈندۈرۈپ) **كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟** (خالايىقنىڭ) **ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ ئۇلار** (بۇلارغا جاۋابەن): **’ئاللاھ‘ دەيدۇ“** (سۈرە ”يۇنۇس“ 31- ئايەت).

خۇددى يۇقۇرىقى ئايەتتە دېيىلگەندەك ئىپتىدائى ئىسلام دەۋرىدىكى مۇشرىكلار (ئەبۇ جەھىل قاتارلىقلار) ھەممىنى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى (تەۋھىدى رۇبۇبىيەت جەھەتتە ئەقىدىسى مۇستەھكەم ئىدى). پەقەت ئىبادەت مەسىلىسىدە (تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت جەھەتتە) شىرىك ئەقىدىدە ئىدى. ۋاھالەنكى، يۇقۇرىقى سۇئاللار بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردىن سورالسا ھېچ ئىككىلەنمەستىن ”ئاللاھ“ دەپ جاۋاپ بېرەلەيدىغانلىرى ئازدۇر.

ھەممە ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالاغا قىلىش (دۇئا، قۇربانلىق، نەزىر - چىراق ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ قىلىش) – ***”تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت“*** دېيىلىدۇ. ئايەتتە شۇنداق دېيىلىدۇ: **”سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر. ئۇندىن باشقا ھېچ مەبۇد** (بەرھەق) **يوقتۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر“** (سۈرە ”بەقەرە“ 163- ئايەت).

لېكىن، بىزدىكى مازار - ماشايىخلارغا قۇربانلىق قىلىش، نەزىر قىلىش، ”ياغ پۇرىتىش“ قاتارلىقلار تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت نوقتىسىدىن خاتابولۇپ، مۇشرىكلىككە خاس قىلمىشلاردۇر. بۇخىل قەبرىلەردىكى ”ئۆلۈغ“ لار، ”پىر“ لارغا ئۈمىد باغلاش ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا شىرىك كەلتۈرۈشتۇر.

**”سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر** (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن داۋايىڭلاردا) **راستچىل بولساڭلار ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن“** (سۈرە ”ئەئراف“ 194- ئايەت).

يۇقۇرىقى ئاللاھنىڭ خىتابىغا ئاساسەن بىز سۇئالىمىزنى قويۇپ باقايلى: قېنى سىلەر قەبرىلەردىكى ”ئۆلۈغ“ لىرىڭلارغا، ”پىر“ لىرىڭلارغا دۇئا قىلىپ

بېقىڭلار، ئۇلار دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلامدۇ؟ ”ئايەتەلكۇرسى“ دا مۇنداق دېيىلىدۇ:

”**بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگۈدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ** (مۈلكى) **دۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ شاپائەت قىلالىسۇن؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى** (يەنى دۇنيادا قىلغان)، **كەينىدىكى** (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلانغان) **ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن** (ئاللاھ) **ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن** (پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) **باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى** (مەلۇماتى) **ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان - زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقۇرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر**“ (سۈرە ”بەقەرە“ 255- ئايەت).

ئاللاھنىڭ كالامىنى بىلگەن ”ئالىم“ لىرىمىز بۇ ”جان بېقىش يولى“ نى مونوپول قىلىپ ”قوغداش“ ئۈچۈن ھەمىشە ئۆز نەپسى - خاھىشىغا ئۇيغۇن ھالدا پەتىۋا چىقىرىدۇ، شۇنداق تەبلىغ قىلىدۇ، بىدئەت ئادەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ (كوممونىست جەمىيىتى بۇنداقلار ئۈچۈن سورۇن بېرىدۇ). يۇقۇرىقى ئايەتنى (تەپەككۇر ئىقتىدارى نورمال ئادەملەر) ئازراق ئويلاپ كۆرسىلا ھەممە ئىش ئايان بولىدۇكى، ”**ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ** (مۈلكى)“ تۇرسا، ”**ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ**“ غان تۇرسا، قەبرىلەردىن، ”پىر“ لاردىن ۋە ئۆزىمىزگە ئوخشاشلا ئاددى ئىنسانلاردىن شاپائەت ھەم ياردەم تىلەش بۇتقا چوقۇنغانغا ئوخشاشلا مۇشرىكلىك ئەمەسمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇ روشەن مۇشرىكلىق، گۇمراھلىقتۇر. بىزنىڭ ئادىتىمىزدە ھەر كەسىپ، ھەر ساھەنىڭ ئايرىم - ئايرىم ”پىر“ لىرى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ ۋە شۇ پىرلاردىن مەدەت تىلەش دۇئاسى بىلەن ئىش باشلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا ئىكەنلىكىنى يۇقۇرىدا ئايەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىدۇق. ئاللاھ ھىدايەت ئاتا قىلغان ئادەملەر ئۈچۈن بۇلارنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، چۈشەنگەندىن كېيىن (ھەق يەتكەندىن كېيىن) بۇ خىل ئادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش ئېغىر گۇناھ ئەلۋەتتە.

تەۋھىد (ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش) نىڭ پايدىسى شۇكى، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىش، بۇ دۇنيادا ھىدايەت (توغرا يول) تېپىش ۋە گۇناھتىن ساقلىنىش. خۇلاسە شۇكى:

**”ئازاپتىن ئەمىن بولۇش — ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر“** (سۈرە ”ئەنئام“ 82- ئايەت).

**”بەندىلەرنىڭ ئاللاھتىكى ھەققى** (شۇكى)**، ئەگەر ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن بولسا ئۇ بەندىگە ئازاپ قىلمىنمايدۇ“** («بۇخارى»، «مۇسلىم»).

***ئەمەل قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟***

ئاللاھقا كامىل ئىمان كەلتۈرۈش ۋە تەۋھىدنى مۇستەھكەملەش، **ئىخلاسمەنلىك**. ئىخلاس (ئەمەلنىڭ خالىس ئاللاھ ئۈچۈنلا بولىشى، ئۇنىڭغا ئازىراقمۇ رىيا ئارلاشتۇرماسلىق) – رەسۇلۇللاھ (س.ئە.ۋ) ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان ئەمەللەرنى قىلىش. چۈنكى قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:

**”پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار“** (سۈرە ”ھەشىر“ 7- ئايەت).

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

**”ھەرقانداق ئادەم بويرىقىمىز بولمىغان ئىشنى قىلسا ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ“**(«مۇسلىم»).

دېمەك، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ چوڭ گۇناھ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. تۆۋەندىكى ھەدىس بۇ نوقتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرىدۇ:

**”ئاللاھ مۇنداق دېدى: ’ئەگەر بەندەم پۈتۈن كائىناتنى توشقۇزغىدەك گۇناھ بىلەن** (ئالدىمغا) **كەلسىمۇ، ماڭا شېرىك كەلتۈرمىگەن بولسىلا مەنمۇ بەندەمنىڭ ئالدىغا كائىناتنى توشقۇزغىدەك مەغپىرەت بىلەن چىقىمەن‘ “** (ھەدىس قۇددۇسى — «بۇخارى»).

خەلقىمىزنىڭ كۆپچىلىكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ چوڭ گۇناھ بولۇشىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى شېرىك ئەقىدە پەقەتلا بۇتقا چوقۇنۇش ۋە شۇنىڭدەك باشقا دىنلاردىكى خىلمۇ-خىل ”مەبۇد“ قىلىۋېلىنغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىنلا ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ

تۇرمۇشىمىزدىمۇ شېرىك كەلتۈرىدىغان ئادەتلەر (ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن شېرىك ئەقىدە ئامىللىرى) ناھايىتى كۆپتۇر.

قۇرئاندا شۇنداق دېيىلىدۇ:

**”ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار“** (سۈرە ”نىسا“ 36-ئايەت).

شۇنىڭغا دىققەت قىلايلىكى، ئايەتتە كۆرسىتىلگەن مەزمۇن بويىچە شېرىكلىك پەقەت بۇت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئايەتتىكى ”ھېچ نەرسىنى“ دېگەن ئىبارە – باشقا ھېچ قانداق نەرسىنى، مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، مەيلى جانلىق، مەيلى جانسىز ھېچ بىر شەيئىنى شېرىك كەلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

ئۆلۈكلەردىن ۋە يېنىدا بولمىغانلاردىن (يەنى يېنىدا بولمىغان تىرىكلەردىن) ياردەم تىلەش (دۇئا ئارقىلىق مەدەت تىلەش) چوڭ شېرىكلىكتۇر. قۇرئانى كەرىمدە بۇ توغرۇلۇق شۇنداق دېيىلگەن:

**”ئاللاھنى قويۇپ ساڭا پايدا- زىيان كەلتۈرەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ چوقۇم** (ئۆزەڭگە) **زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولىسەن“** (سۈرە ”يۇنۇس“ 106-ئايەت).

ھەدىس رەسۇلۇللاھتىمۇ شۇنداق دېيىلگەن:

**”ھەر قانداق ئادەم** (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ) **باشقا نەرسىلەرگە دۇئا قىلسا جەھەننەمگە كىرىدۇ“**(«بۇخارى»).

يۇقۇرىقى ئايەتتىكى ”ئىبادەت“ كەلىمىسىگە قاراپ بەزىلەر ئۇنى پەقەتلا ”ئىبادەتخانىلاردا ئۆزلىرى خۇدا دەپ بىلگەن مەبۇدلىرىغا قىلىنىدىغان بەندىچىلىك“ دەپ ئويلىشى مۇمكىن ۋە: ”بىز نامازنى كەبىگە قاراپ ئوقۇيمىز، دېمەك، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز“ دەپ ئويلاپ، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭگەن شېرىك ئەقىدىلەرنى (قەبرىگە تېۋىنىش، روھلاردىن، ”پىر“ لاردىن مەدەت تىلەپ دۇئا قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۇ كاتېگورىيىگە كىرمەيدىغان ئىشلار دەپ چۈشىنىشى ھەم چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن.

**”دۇئامۇ ئىبادەتتۇر“** («ئىمام ئەھمەد»، «تىرمىزى») دېگەن ھەدىسكە ئاساسلانغاندا ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرگە دۇئا ئارقىلىق ئىلتىجا

قىلىشلارنىڭ شۇ نەرسىلەرگە (ئەمەلىيەتتە ھېچنىمىگە قادىر بولالمايدىغان جانسىز نەرسىلەرگە) ئىبادەت قىلىش بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايمىز.

دېمەك، ئۆلۈكلەردىن (روھلاردىن) ۋە يېنىدا بولمىغان تىرىكلەردىن دۇئا ئارقىلىق ياردەم تىلەش مۇشرىكلىكتۇر! سۈرە "فاتىھە" دىكى:

"(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز" دېگەن ئايەت سۆزلىرىمىزنىڭ دەلىلى، جەۋھىرى ھەم خۇلاسىسىدۇر. ئەگەر ئاللاھنىڭ سۆزىنى راست ۋە ھەق دەپ ئېتىراپ قىلساق، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچنەرسىدىن مەدەت تىلەشكە بولمەيدۇ! رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) بىزگە شۇنداق بويرۇيدۇ: **"ئەگەر بىرنەرسە سورىماقچى بولساڭ ئاللاھتىن سورا، ئەگەر ياردەم تىلىمەكچى بولساڭ ئاللاھتىن تىلە!"** («تىرمىزى»).

ئەگەر هايات كىشىلەرنىڭ (ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن) ياردەم بەرگۈدەك ئىمكانىيىتى بولسا ياردەم سوراشقا بولىدۇ. ئەمما قۇلچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ قۇلچىلىقى ئىنسانغا ئەمەس، ئاللاھقىدۇر! (يەنى، ئاللاھقىلا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشى كېرەككى، ئىنسانغا قۇللۇق قىلماسلىقى كېرەك!). بۇ ھەقتىمۇ ئېنىق دەلىل ئاللاھنىڭ كالامىدىن تېپىلىدۇ:

**"... ئاللاھنى قويۇپ بىر- بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە** (يەنى، بىرخىل ئەقىدىگە) **ئەمەل قىلايلى، دېگىن"** (سۈرە "ئال ئىمران" 64- ئايەت).

***ئاللاھتىن باشقىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشقا بولامدۇ؟***

**"پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن"** (سۈرە "كەۋسەر" 2- ئايەت).

ئاللاھنىڭ سۆزى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئاللاھتىن باشقىغا (نامىغا) ئاتاپ مال بوغۇزلاشقا بولمايدۇ.

ھەدىستە بۇ نوقتىغا تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ:

**"ئاللاھتىن باشقىنىڭ نامىغا** (روھقا ۋە باشقىلارغا) **ئاتاپ بوغۇزلىغانلار ئاللاھ تەرىپىدىن لەنەتلەنسۇن"** («مۇسلىم»).

لېكىن شۇ نەرسە سەمىمىزدە بولىشى كېرەككى، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئىبادىتىگە بىھاجەت بولغاندەك، قۇربانلىقىغىمۇ بىھاجەتتۇر:

”**ھەر ئۈممەت ئاللاھ ئۇلارغا رىزق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى** (شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن قۇربانلىق قىلغانلىرىدا) **ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن، دەپ ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق،... ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر...**“ (سۈرە ”ھەج“ 34~37- ئايەتلەر).

***قەبرىلەرنى تاۋاپ قىلىشقا بولامدۇ؟***

ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى دەلىلكى، بەيتۇللاھتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى تاۋاپ قىلىشقا بولمايدۇ.

”**قەدىمىي بەيت** (بەيتىللاھ) **نى تاۋاپ قىلسۇن**“ (سۈرە ”ھەج“ 29- ئايەت).

”**ھەرقانداق ئادەم بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلسا** (ئايلانسا) **ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا خۇددى بىر قۇلنى ئازاد قىلغاندەك** (دەرىجىگە ئېرىشىدۇ)“ («ئىبنى ماجە»).

ئاللاھنىڭ ئەمرى، رەسۇلۇللاھنىڭ يەتكۈزگەن ھەق دىنى بۇ ئىشلاردىن چەكلەۋاتقان تۇرسا، ئەمما بىز ئاللىقانداق ”ئۇلۇغ“ قەبرىلەر، ”مۇقەددەس“ ئاتىلىپ قالغان دەرەخلەرگە تىۋىنىپ يۈرسەك، بىزنىڭ ئەقىدىمىز ئەسلى ئوقىدىن چەتنەپ كەتكەن بولامدۇ - يوق؟ ھەربىر ۋەتەندىشىمىز ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىكتۇر. ۋەتىنىمىزدە ئاپپاق خوجا مازىرى (مىللى تۈيغۇ ئېتىبارى بىلەنمۇ لەنەتكە لايىق مازار)، ئوداخان پادىشاھىم، ئالتۇنلۇقۇم، جايىپەچچەم، ... قاتارلىق قەبرىلەر، قانداقتۇر تۇرپاندا دەپ پەرەز قىلىۋېلىنغان ”ئەسھابۇلكەھف“ قاتارلىق جايلار تاۋاپ قىلىنىپ، ئاللاھقا چوڭ شىرىك كەلتۈرۈلىۋاتىدۇ، ئۇندىن باشقا جاڭگاللار، تاغ ئارىلىرى قاتارلىق خىلۋەت جايلاردىكى يالغۇز دەرەخلەرمۇ تۇرلۇك تۇغ - ئەلەملەر بىلەن بېزەلمەكتە.

***ئىسلام دىنىمىزدا جادۇگەرلىكنىڭ ھۆكمى نېمە؟***

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنىمۇ قۇرئانى كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىن تاپالايمىز:

”**...لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى**“ (سۈرە ”بەقەرە“ 102- ئايەت).

”(ئىنسانلارنى) **ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يەتتە خىل نەرسىدىن ساقلىنىڭلار. بۇلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە جادۇگەرلىك، ...**“ («مۇسلىم»).

يۇقىرىقى دەلىللەر ئاساسىدا كەسكىن جاكالايمىزكى: جادۇگەرلىك قىلىش (ۋە ئىشىنىش) كاپىرلىقتۇر! سېھىرگەر (داخان) لارنىڭ غەيىپتىن سۆزلەشلىرى ۋە ئۇنىڭ ھىكايىلاردەك جەريانلىرى پۈتۈنلەي ئالدامچىلىقتۇر. رەمچى، پالچىلارنىڭ ئوغۇرلانغان ۋە يۈتۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى ”تېپىشلىرى“، ھەم ئۇنىڭغا ئىشىنىش – مۇشرىكلىكتۇر. چۈنكى:

”**ئاللاھتىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيىپنى بىلمەيدۇ**“ (سۈرە ”نەمل“ 65- ئايەت).

”**پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار**“ (سۈرە ”مائىدە“ 90- ئايەت).

***ئاللاھتىن باشقىلار ئۈچۈن نەزىر قىلىش جائىزمۇ؟***

نەزىر ئاللاھ ئۈچۈنلا بولسا دۇرۇس، باشقا ھەرقانداق كىشى (مەيلى ئۇ ھەرقانچە ئۇلۇغ ئادەم بولۇپ كەتسۇن) گە ئاتاپ قىلىنغان بولسا دۇرۇس ئەمەس. ئاللاھقا ئاتالغان نەزىر كىملەرگە بېرىلسە دۇرۇس بولىدۇ؟ زاكات ئوبيېكتلىرىغا بېرىلىشى كېرەك. زاكات ئوبيېكتلىرى كىملەر؟ مانا بۇ ئايەت بىزگە ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ:

”**زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەر**[1] **گە بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ...**“ (سۈرە ”تەۋبە“ 60- ئايەت).

ئەمما ھازىر ۋەتىنىمىزدە ”نەزىر“ نامىدا قازانلار ئېسىلىپ تۇرىدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ مۇئامىلىدار ئادەملىرىنى – مۇناسىۋەت چەمبىرى ئىچىدىكى ئادەملەرنى، يۇرتداشلىرىنى چاقىرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە نەزىر نامىدىكى

---

[1] ئىبنى سەبىللەر – پۇلمېلى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلار.

مېهماندارچىلىق بولۇپ، بىدئەتتۇر! كەلگۈچىلەر ۋاقتىنىڭ زايا بولىشىدىن نارازى بولغان هالدا – پەقەت رەسمىيەت، ئاتالمىش ”ئادەمگەرچىلىك“ نى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا بارىدۇ (چۈنكى بۇنداق سورۇنلار ”ئادەمگەرچىلىك“ نى بىلدۈرىدىغان ئۆلچەمگە ئايلىنىپ قالغان). ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ۋاق قوساق تويغۇزۇشقا مۇھتاج ئادەملەرنىڭ بولىشى ناتايىن. ”نەزىر“ بەرگۈچى ئىقتىسادى جەهەتتىن خېلى چىقىمدار بولىدۇ ـ يۇ، ئەمما چاقىرىلغان ئادەم كۆپ (داغ ـ دۇغا، دەب ـ دەبە قىلىش ئۈچۈن) بولغاچقا، هېچكىم رازى بولغىدەك ئىش يوق. بۇ يەرگە مېڭىپ كەلگەن قەدەم هەققىگە لايىق ئەملى نەپ يوق. تېخىمۇ يامان يېرى، چاقىرىلغانلارنىڭ هەممىسى نەزىر ئوبېكتلىرى بولمىغاچقا، ئۇلار بۇ يەرگە يەپ تويۇش مەقسىدىدە كەلگەنمۇ ئەمەس (غەلىتە ئالدامچىلىق!). شۇڭا ئاشۇ بىر نەچچە كاپام ئاشمۇ رەسمىيەت يۈزىسىدىن داستىخانغا كېلىدۇ ـ كېتىدۇ. يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇش، چەيلىنىشى يۇقۇرى پەللىگە چىقىدۇ. ”**ئىسراپ هارام**“ دېگەن ئىسلام پىرىنسىپىغا ئاساسلانغاندىمۇ بۇ قىلىقلار هارام بولۇپلا قالماي، بۇ ئاتالمىش ”نەزىر“ – نەزىر ئوبېكتلىرىغا تەگمەي، ئېهتىياجسىز ئادەملەرگە ئارتۇقچە، پەقەتلا ئۆزىنى كۆرستىش ئۈچۈن بېرىلگەنلىكى، هەم بۇ نەزىرلەردە ئاللاهنىڭ كالامى پۇل بېرىپ ئوقۇتۇلىدىغانلىقى قاتارلىق جەهەتلەردىنمۇ توغرا قىلىق ئەمەستۇر! (گويا شۇ موللىلارنىڭ دۇئالىرى قوبۇل بولۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئازابى يېنىكلىشىگە دەلىلى باردەك!).

ئۇنىدىن باشقا، بۇ ”نەزىر“ لەردە ئاشقان تاماقلارنىڭ داستىخانغا قايتا ”يېڭى“ بولۇپ كېلىشى، ئومۇمەن ئادەم كۆپ، تازىلىق مەسىلىسىگە ئۇقەدەر دىققەت قىلىش كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈنمۇ بەك قولاي پۇرسەت يارىتىلىدۇ (دەل مۇشۇنداق تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزنىڭ ئالاهىدىلىكىگە كۆرە خىتايلار ئارىمىزدا يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋىروسلىرىنى ئۈنۈملۈك تارقاتماقتا!). بۇ هالدىن هەسرەتلەنگەن ئاتالمىش زىيالىلىرىمىز (بۇ ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى – بىدئەتلەرنى – بىدئەت، هەتتا هارام قىلىقلارنى ئىسلام دىنىغا خاس ئەمەللەر دەپ خاتا تونۇۋالغاچقا)

"دىن ھەقىقەتەنمۇ خەلقنى زەھەرلەيدىغان مەنىۋى ئەپيۇنكەن ھەم ماددى زەھەركەن" دەپ ئويلايدۇ- دە، كوممونىستلارنىڭ دىنغا قارشى تەشۋىقاتىغا (گويا ئەمەلى دەلىلنى كۆرگەندەك) ئىشىنىپ قالىدۇ. شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويايلىكى، ھۆرمەتلىك قېرىنداش، سىزگە يارىمايۋاتقان، ئىلمى بولمىغان، قالاقلىق، خۇراپات بولۇپ، ئىنسانلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان قىلىقلار، ئادەتلەر، قاراشلارنىڭ ھەممىسى دىندا چەكلەنگەن نەرسىلەردۇر، بىدئەتتۇر! ئىسلام دىنىنىڭ بەندىلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت ماھىيەت – ئاللاھنىڭ ھەق ۋەدىسىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ ـ دە، بۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى دىنغا خىلاپ، دەپ دادىل ئېيتىۋېرىڭ! چۈنكى ئەمەلىيەتتىمۇ، ئىسلام دىنى چاكىنىلىقتىن پاك، باتىل دىنلاردەك ئۈيدۇرمىمۇ ئەمەس، ئەمەلى تۇرمۇشقا ماس كەلمەيدىغان غەلىتىلىكمۇ يوق. ئۇ ئىلمىي، مۇتلەق ھەقىقەتتۇر. ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھايات ۋە ھەرىكەت مىزانى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. ئەگەر شۇبھىلەنسىڭىز، "ئۆلۈغ" لىقىڭىزدىن بىر ئاز چۈشۈپ، گال ئاۋارىسى موللىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئارلىشىپ كېتىشىدىن غەلىتە ھالغا كەلگەن "دىن" بىلەن قانائەتلەنمەستىن، ئۆزىڭىز بىۋاستە ئۆگىنىپ بېقىڭ، چوڭقۇرراق چۆكۈپ بېقىڭ!

دېمىسىمۇ خىتاي كوممونىستلىرى ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىزنى پۈچەكلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مۇناپىق موللىلارغا رىغبەت بېرىپ، بىدئەتلەر ئارلاشتۇرىدۇ. ئارقىدىن ئۇلار ئەقىلغە ئۇيغۇن بولمىغان غەلىتىلىكلەرنى "ئىسلام دىنى" دەپ چۈشەندۈرۈش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ دىنغا قارشى تەشۋىقاتى ئۈچۈن "پولاتتەك پاكىت" تەييارلايدۇ. نۇرغۇن ئادەملىرىمىز بۇنداق بىدئەتلەرنى، خۇراپاتنى ۋە باشقا، دىندا چەكلەنگەن ئىشلارنى "ئىسلام دىنى دېگەن مۇشۇ ئىكەن" دەپ خاتا تونۇپ قالغاچقا، كوممونىستلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ ـ دە، دەھرىلىك يولىغا ماڭىدۇ.

قورچاق مىللى ئىشلار كومىتېتى مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ: "ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماركىسىزىملىق مىللەت قارىشى،

دىن قارىشىدا چىڭ تۇرايلى“ ناملىق ماقالىسىدىكى مۇنۇ گەپلەر كوممۇنىستلارنىڭ دىنىمىزنى قانداق بۇزماقچى بولىۋاتقان ئىپلاس نىيىتىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ”دىنى ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش لازىم... دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا يېتەكلەش كېرەك،... بەزى جايلاردا خۇسۇسى دىنى مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن سىغىشالمايدىغان نەرسىلەرتارقىتىلغان...“[1] مانا بىمەنىلىك! مانا قارا نىيەت! ئۇلار دىنىنى باشقۇرماقچىمىش! بۇ دىنىنىڭ ھەممىنى ئىدارە قىلىش نوپوزىنى ئىنكار قىلىش! يېتەكلىمەكچىمىش! بۇ دىنغا قىلىنغان ھاقارەت! پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مىزان بولغان دىنىنى خىتاي كوممۇنىستلىرى ”يېتەكلىمەكچى“ مىش! يۇقۇرقىلاردىن شۇ مۇددىئا ئايانكى، ئۇلار ساتقىن موللىلار ياردىمىدە دىنىنى ئەنە شۇنداق ”يېتەكلەپ“، سوتسىيالىزىمغا ”ماسلاشتۇرۇپ“، خىتايىنى يامان كۆرمەيدىغان، قۇللۇقنى ئار سانىمايدىغان غەلىتە بىرخىل شەكىلگە كەلتۈرمەكچى.

***شىپا بولىدۇ، كۆز تەگمەيدۇ، دەپ بىر نىمىلەرنى ئېسىۋېلىشقا بولامدۇ؟***

بىز بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ كىتابىدا ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھتا نېمە دېيىلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقساقلا ھەممە ئىش ئايدىڭ بولىدۇ:

**”ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆترىۋېتەلمەيدۇ“** (سۈرە ”ئەنئام“ 17- ئايەت).

**”ئۇ** (بىر نېمىلەرنى ئېسىۋېلىش) **پەقەت سېنى** (روھىي جەھەتتىن) **ئاجىزلاشتۇرىدۇ. سەن ئۇنى تاشلا** (نېرى بول)، **ئەگەر سەن شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسەڭ چوقۇمكى نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيسەن** («ھاكىم زەھبى»).

**”ھەر قانداق كىشى تۇمار ئاسسا جەزمەنكى ئاللاھقا شىرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ“** («ئىمام ئەھمەد»).

---

[1] «ئىزدىنىش» ناملىق كوممۇنىست ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 5- سانىدىن.

بۇنىڭدىن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز كۆرۈپ تۇرۇپتىكى، كۆز تەگمەيدۇ، ئامەت كەلتۈرىدۇ دەپ، تۇمار، كۆز مۇنچاق، بۆرە ھۇشۇقى ۋە باشقىلارنى ئېسىۋالىدىغان، يېنىدا ساقلايدىغانلار، ئۆي ۋە باشقا مۇلۈكلەرگە كۆز تەگمىسۇن دەپ ھايۋان ئىسكىلىتى (باش سۆڭىكى) ئېسىپ قويىدىغان قىلىقلارنى قىلىش مۇشرىكلىكتۇر! ئەگەر بۇنىڭغا قارشىلار بولسا ئاللاھنىڭ كىتابىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ بىزنى قايىل قىلسۇن!

***ئىسلامغا زىت قانۇنلارغا ئەمەل قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟***

بىز بۇ سوئالغىمۇ ئاللاھنىڭ كالامى ۋە ھەدىسلەر ئارقىلىق جاۋاپ بېرىمىز:

**”كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر“** (سۈرە ”مائىدە“ 44- ئايەت).

**”قاچانكى ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا ۋە ئاللاھ نازىل قىلغانلارنى** (باشقىلاردىن) **ئۈستۈن بىلمىسە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىختىلاپ** (ئاداۋەت) **سېلىپ قويىدۇ“** («ئىبنى ماجە»).

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ بىلەرمەنلىرىمىز ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) نىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمىنى بىزگە يەتكۈزگىنى يوق. ئەكسىچە مۇناپىق مولللار ئاللاھنىڭ كالامىنى بۇرمىلاپ، خىتاي كوممونىستلىرىنىڭ قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە پەتىۋا بېرىدۇ. بىزنى خىتاي قۇللۇقىغا رازى بولىدىغان قىلىش، كۆندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. تېخىمۇ ھەق گەپنى قىلغاندا ئۇلار بىرگىنە ئىت جېنىنى بېقىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دىنىنى، مۆمىنلەرنى، پۈتۈن دۆلەتنى، مىللەتنى ئەرزان ساتماقتا. ئاللاھنىڭ دىنىنى توغرا تەبلىغ قىلغۇچى، ئاللاھتىن قورقىدىغان ئاز ساندىكى مولللار ھەقنى يەتكۈزگىنى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايدىغان، ”ئۆلۈكتىن پەيشەمبىلىك تىلەش“ تەك پەسكەشلەردىن بولمىغان، زاكات يېيىشتىن نومۇس قىلىدىغان، قىسقىسى، كوممۇنىستلارنىڭ كەتمىنىنى چاپمىغاچقا مۇناپىقلارنىڭ سىتىشى بىلەن تۈرمىلەردە چىرىمەكتە. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىزنىڭ ئەقىدىمىز توغرىلانسا

ئىدى، مۇناپىقلار بازار تاپالمىغان، ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىرى – خەلق پەرزەنتلىرى ئەل ئىچىدە قوغدالغان بولاتتى.

يوقۇرىدا بايان قىلىنغان خاتا ئىش ـ ھەرىكەتلەر "چوڭ شىرىك" تىپىغا مەنسۇپ گۇناھلاردۇر. چوڭ شىرىكنىڭ زىيانلىرى شۇكى، بۇ دۇنيادا توغرا يولدىن چىقىپ، قايمۇقىدۇ، ئۇ دۇنيادا جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىشقا سەۋەپ بولىدۇ!

**"كىمكى ئاللاھقا شىرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار** (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) **بولمايدۇ"** (سۈرە "مائىدە" 72- ئايەت).

**"ئاللاھقا باشقىلارنى شىرىك كەلتۈرگەن ھالدا ئاللاھقا مۇلاقات بولغانلار دوزاققا كىرىدۇ"** («مۇسلىم»).

يوقۇرىقى ئايەت ۋە ھەدىس چوڭ شىرىك ھەققىدىكى ئوچۇق ھۆكۈمدۇر.

يەنە شۇنداق مەتۇلارچە بىرخىل ئادەت باركى، تۇغمىغان ئايالغا پالانى ئەۋلىيانىڭ دېمىدىسىنى ئىچىرىش؛ ئامىتى، سالامەتلىكى، باي بولىشى ئۈچۈن ئاللىكىملەرگە يېلىنىپ تۇمار پۈتكۈزۈش، ئاندىن ئاللاھ بەرگەن نىمەتنى (بالىنى، پۇل ـ مالنى، سالامەتلىكنى،...) پالانىنىڭ دۇئاسى بىلەن بولدى، پۈستانىنىڭ دېمىدىسى بىلەن بولدى دېيىشمۇ شىرىكتۇر. رېزىق بەرگۈچىنى تۇنىماسلىقتەك بۇنداق يۈزسىزلىك قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**"ئىنسانغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە بىزگە دۇئا قىلىپ** (ئىلتىجا قىلىدۇ)، **ئاندىن ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ بىرەر نىمىتىمىزنى ئاتا قىلساق، ئۇ: 'بۇ نېمەت ماڭا ئۆز ئىلمىمدىن** (يەنى پەزلىمدىن، ئەمگىكىمدىن،رىزق تېپىشنىڭ يوللىرىنى بىلگەنلىكىمدىن) **كەلدى' دەيدۇ"** (سۈرە "زۇمەر" 49- ئايەت).

يەنە شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ قويۇش كېرەككى، ئەگەر بىر ئادەم ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلغان، ئەمما شىرىك كەلتۈرگەن بولسا (يەنى، ياخشى

ئەمەل قىلىش بىلەن شېرىك كەلتۈرۈشنى ئارىلاش قىلىۋەرگەن بولسا)، ئۇنىڭ ئەمىلى نۆلگە تەڭ:

”**ئەگەر ئۇلار** (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) **شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى**“ (سۈرە ”ئەنئام“ 88-ئايەت).

”**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ’مەن ھەممىدىنمۇ شېرىككە ھاجىتى يوق** (شېرىكتىن بىھاجەت، يەككە ـ يېگانە) **بىر زاتتۇرمەن، ھەر قانداق ئادەم ماڭا قىلغان ئەمەللىرىدە باشقىلارنى** (ماڭا) **شېرىك قىلىدىكەن مەن ئۇ ئادەمنى ئاشۇ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىسى بىلەن بىللە قويىمەن** (ئۇنداق ئادەمنى تونىمايمەن)“ («مۇسلىم»).

ئەمدى كىچىك شېرىك ھەققىدە توختۇلىمىز:

***كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟***

رىيا (قىلغان ياخشى ئىش، سۆز ھەركەتلىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش، ماختىنىش ئۈچۈن قىلىش، خالىس بولماسلىق) – كىچىك شېرىكتۇر. ئاللاھنىڭ كىتابىدا شۇنداق دېيىلىدۇ:

”... **كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن** (يەنى، ساۋاپىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن)، **ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن**“ (سۈرە ”كەھف“ 110- ئايەت).

”**شۆبھىسىزكى، مەن** (كىچىك شېرىك) **ئىچىدە سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەرگە رىيانىڭ كېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيمەن**“ («ئىمام ئەھمەد»).

رىياكارلىق بىزدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر. مۇتلەق كۆپچۈلۈك نامازخانلار خۇددى ئايەتتە:

”**ئۇلار** (خىيانەتلىرىنى) **ئىنسانلاردىن** (خىجىل بولۇپ) **يوشۇرىدۇ، ئاللاھتىن** (خىجىل بولۇپ) **يوشۇرمايدۇ** ...“ (سۈرە ”نىسا“ 108- ئايەت) دېيىلگەندەك، ئاللاھتىن قورقۇپ ئەمەس، قوشنىسىدىن ۋە ياكى باشقا بىرسىدىن ھېيىقىپ، ”ناماز ئوقۇمايدىكەن“ دەپ قالمىسۇن، دەپلا ناماز

ئوقۇيدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن (كۆڭلىدە ساپ ئەقىدە بولغان، ئاللاھتىن قورققان ھالدا ئەمەس، رىياكارلىق بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن) مەسچىدنىڭ بوسۇغىسىدىن پۈتىنى ئالار ـ ئالمايلا گۇناھنى باشلايدۇ. ھېلىلا ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ **"ئومۇزىنى ئومۇزىغا، ھۇشۇقىنى ھۇشۇقىغا تەگدۈرۈپ"** ناماز ئوقىغان قېرىندىشىنى ئەرزىمىگەن سەۋەپلەر بىلەن رەنجىتىدۇ، مالامەت قىلىدۇ. ئۆز قەۋمىگە قارىتا مېھرىبانلىق كۆترۈلۈپ كەتكەن، كۆڭۈللىرىمىز تارلىشىپ كەتكەن. بۇ **"مۆمىنلەر** (ئۆزئارا) **دوستلۇقتا، مېھىر ـ شەپقەتتە، مۇلايىملىقتا بىر تەنگە ئوخشايدۇ"** دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا خىلاپتۇر... يەنە باشقا ئەمەللەر، مەسىلەن: ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش جەھەتتىمۇ ھەرگىز يوشۇرۇن بېرىشنى خاھلىمايدۇ. پۈتۈن ئەل ـ جامائەتكە جاكارلاپ بېرىشكە، نام ـ ئابروي قازىنىشقا خۇشتاردۇر. بۇمۇ ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ قىلمىشتۇر (بۇ ھەقتە كېيىنكى بابلاردا تەپسىلى توختۇلىمىز).

***ئاللاھنىڭ ئىسمىدىن باشقا نەرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشقا بولامدۇ؟***

تۇرمۇشىمىزدا قەسەم مەسىلىسى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ ۋە دائىم خاتا ھالدا "كۆن تۇرۇپتۇ، نان تۇرۇپتۇ..." (ياكى "نان ئۇرسۇن...")، "تۇز تۇرۇپتۇ..." (ياكى "تۇزغا سىيىپ بېرەي...") دېگەندەك بولمىغۇر سۆزلەرنى ئىشلىتىمىز. بۇ خاتا، شۇنداقلا "كىچىك شىرىك" نىڭ بىر تۇرىدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكمى شۇنداق:

**"پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر"** (سۈرە "تەغابۇن" 7- ئايەت).

**"ھەرقانداق ئادەم ئاللاھتىن غەيرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسا ئاللاھقا شىرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ"**(«ئىمام ئەھمەد»).

**"بىر كىشى قەسەم قىلماقچى بولسا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن"** («بۇخارى»، «مۇسلىم»).

***ئاللاھقائىلتىجا قىلىش، ئاللاھقا يىغلاش، دۇئا قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ۋاستە بولۇشى كېرەكمۇ؟***

ۋاستە بولىسىمۇ بولىدۇ، بىراق بىز ۋاستە قىلىپ كېلىۋاتقان "مازار" لار، "يالغۇز دەرەخ" لەر، "تۇمار، كۆز مۇنچاق" دېگەندەكلەر ئەمەس، ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ۋاستە بولالايدىغان نەرسىلەر پەقەت مۇنۇلار:

1. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى؛

2. ئۆزىمىز قىلغان ياخشى ئەمەللەر.

"**ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار. ئاللاھنى** (شۇ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن) **ئاتاڭلار**" (سۈرە "ئەئراف" 80- ئايەت).

"**ئى مۆمىنلەر، مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ** (نىڭ ئازابى) **دىن قورقۇڭلار، ئاللاھقا** (تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن) **يېقىنچىلىق قىلىڭلار**" (سۈرە "مائىدە" 35- ئايەت).

ھەدىسلەردە بۇ ھەقتىكى بايانلار تېخىمۇ كۆپ:

"(ئى رەببىم) **سېنىڭ بارلىق ئىسمىڭ** (نىڭ ھۆرمىتى بىلەن) **سەندىن سورايمەن**"(«مۇسلىم»).

"**مېنىڭ پايدامغا** (سەجدىنى كۆپ قىلىشىم بىلەن) **ياردەم قىل**" («بۇخارى»).

خۇلاسە شۇكى، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىلا ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا يېقىنلىق ھاسىل قىلغۇچى ۋاستە بولالايدۇ. بۇندىن باشقا، قەبرىلەرنى، ئىنساننى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ۋاستە قىلىش خاتادۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئانى كەرىمدە شۇنداق بىلدۈرگەن:

"**مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا** (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) **مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن** (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)" (سۈرە "بەقەرە" 186- ئايەت).

ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەن:

**شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاڭلايدىغان، سىلەرگە يېقىن بولغان** (زات) **نى چاقىرىۋاتىسىلەر**"(«مۇسلىم»).

دېمەك، ئاللاھ بىزگە ناھايىتى يېقىندۇر، ھەممە ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنداقكەن يەنە باشقا نەرسىلەرنى ۋاستە قىلىشقا تامامەن ھاجەت يوقتۇر.

***ھاياتلاردىن بەزى كىشىلەرنى بەك ئۇلۇغلاپ، زىيادە ماختاپ قۇلچىلىق قىلىش توغرىمۇ؟***

بۇخىلدىكى ئەھۋالمۇ ۋەتىنىمىزدە ناھايىتى ئومۇملاشقان، كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر. مەسىلەن: ھەربىر يۇرت، ھەر مەھەللىنىڭ بىردىن "ئۇلۇغ" ئاقساقىلى بولىدۇ. بىرەر داموللا، قارى ياكى قارىھاجىمنى شۇنداق ئۇلۇغلايمىزكى، پۈتۈن بىر جامائە ئۆرە - تۆپە بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. قول قوشتۇرۇپ، بېشىمىزنى تۆۋەن قىلىپ تۇرىمىز. بۇندىن باشقا، ئەمەلدارلارغا ئەنە شۇنداق قۇلچىلىق قىلىمىز. ھەتتا بۇنداق "ئۇلۇغ" لارنىڭ بالا - چاقا، ئائىلە - ئەپرادىدىنىمۇ ھېيىقىش ئادىتى شەكىللەندى. بۇ ئادەتلەر تەرەققى قىلىپ "ۋاڭ شۈجى"، "جاڭ شۈجى" دېگەندەك خىتايلارنى ئۇلۇغلاش ۋە قۇلچىلىق قىلىشقا بېرىپ يەتتى. چوڭلاردىكى بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۆسكەن كېيىنكى ئەۋلادتا تەبىئىكى خىتايلاردىن تەپ تارتىش، قورقۇش پسىخىكىسى شەكىللەندى. ئەمما ئىسلام ئەخلاقى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بىر ئادەم جامائەتكە سالام بېرىش، يول يۈرگۈچى تۇرغانغا سالام قىلىش،... قاتارلىق ئەخلاق پرىنسىپى بار. بۇ دائىرىدە خىتايلارغا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش دەيدىغان مەزمۇن ئەسلا يوق! ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقي ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان جان باقار موللىلار ھۆرمەت تاما قىلىپ، ئورنىدىن تۇرمىغان، ئۇلاغلىق بولسا ئۇلاغدىن چۈشمىگەنلەرنى قارغاش ئادىتىمۇ بار. ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگۈسى يوقلارمۇ "قارغىۋەتسە بېشىمغا بالا كېلىدۇ" دەپ قورقۇپ، زورۇقۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. دىنني چۈشەنچە كام بولغانلىقتىن، بالا - قازا بېرىشتە بەندىلەرنىڭ قادىر ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەن.

بۇ ”ئۇلۇغ“ لار مانا شۇ ”ھۆرمەت“ (ئەمەلىيەتتە خاتا ھەم سۈنئىي، زورۇقۇش مەھسۇلى بولغان ”ھۆرمەت“) بىلەن خۇدىنى يوقۇتۇپ، ئاللاھنىڭ كالامىنى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدىغان بولىۋالدى. ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ۋە خىتاي خوجايىنلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە تەبلىغ قىلىش – ئاشكارە سورۇنلاردا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق ئوچۇق گۇمراھلىق بىزنىڭ خارلىققا قېلىشىمىزدىكى سەۋەپلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇنداق ئادەملەر خەلقىنىڭ نادانلىق تۇپەيلى، قارغۇلارچە بىلدۈرىۋاتقان ھۆرمەتلىرىدىن مەست بولۇپ ئېسىنى بىلمەس دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. ۋە ”نېمە دېسەم مېنىڭ راست بولىۋېرىدۇ“ دەپ قاراپ، ھەتتا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەنلەرمۇ بار. ئىسلام دىنىدىكى باراۋەرلىك چۈشەنچىسى بۇخىل ئادەت بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. ئىسلامدا بەزى ئىنسانلار ”ئۇلۇغ“، بەزىلىرى ”پەست“ دەيدىغان سەپسەتە يوق!

”(ئى مۇھەممەد) **ئېيتقىنكى، ’مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشا بىر ئىنسانمەن، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر‘** “ (سۈرە ”كەھف“110-ئايەت).

”**ناسارالار ئىسانى** (بەك) **ماختىغاندەك مېنى ئاشۇرۇپ ماختىماڭلار، شۈبھىسىزكى مەن بىر بەندەدۇرمەن.** (مېنى) **ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ ئاتاڭلار**“(«بۇخارى»).

ئۇ ئادەملەر رەسۇلۇللاھتىنىغۇ ئۇلۇغ ئەمەستۇر؟!

”**ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھىساپلىنىسىلەر** (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولىشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)“ (سۈرە ”ھۇجۇرات“ 13-ئايەت).

مانا بۇ ئاللاھنىڭ باھالاش مىزانىدۇر!

”**مەن ئەكەلگەن نەرسە** (قۇرئان، ھەدىس) **گە ئۆزىنىڭ نەپسى ـ خاھىشىنى بويسۇندۇرمىغىچە ھېچكىم ھەقىقى مۆمىن ئەمەس**“(«بۇخارى»).

”ئۇلۇغ“ بولىۋالغانلارنى بۇ مىزان بىلەن ئۆلچىسەك تايىنى مەلۇم بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

***(ئىسلامدىكى) دوستلۇق قانداق كونكرېت مەناغا ئىگە؟***

ئىسلامدا تەشەببۇس قىلىنىدىغان دوستلۇق – چىن دوستلۇق، ساپ ئىنسانى دوستلۇق ۋە ئۆزئارا ياردەملەشمەك ۋە مېھرىبانلىقنى يەتكۈزمەك دېمەكتۇر. قۇرئانى كەرىمدە شۇنداق دېيىلىدۇ:

”**مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر** (ئۆز ئارا ياردەمچىدۇر)“ (سۇرە ”تەۋبە“ 71- ئايەت).

ھەدىسى رەسۇلۇللاھتا شۇنداق دېيىلىدۇ:

”**مۆمىن مۆمىنگە** (نىسبەتەن) **بىر بىناغا ئوخشايدۇكى، ئۇ بىنا بىر بىرىنى تىرەپ تۇرىدۇ** (شۇ ئارقىلىق مۇستەھكەم بولىدۇ)“(«مۇسلىم»).

”**مۆمىنلەر** (ئۆزئارا) **دوستلۇقتا، مېھرى - شەپقەتتە، مۇلايىملىقتا بىر تەندەك، ئۇ تەندىن بىر ئەزا ئاغرىسا قالغان ئەزالارمۇ شۇ ئەزا بىلەن بىللە قىزىپ-سوۋۇپ تەڭ ئاغرىيدۇ**“(«بۇخارى»، «مۇسلىم»).

ئەمما بەزى قارىلار، موللىلار ئاللاھنىڭ كالامىنى بۇرمىلاپ، ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ ھالدا خىتاي كوممونىستلىرىنىڭ سۇنئى ھالدا بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىۋاتقان (تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە خىلاپ بولغان) ئاتالمىش ”مىللەتلەر ئىتتىپاقى“ ئۇقۇمىنى قۇرئان ئايەتلىرى ”ئارقىلىق“ شەرھىلەشكە ئۇرۇنماقتا.

”**سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن** (كاپىرلاردىن) **سانىلىدۇ**“ (سۇرە ”مائىدە“ 51- ئايەت).

”**ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇپرىنى ئارتۇق كۆرسە** (كۇپرىدا مەھكەم تۇرسا) **ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار، ئىچىڭلاردىن كىملەركى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن ئۇلار زالىملاردىندۇر** (يەنى، ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېساپلىنىدۇ)“ (سۇرە ”تەۋبە“ 23- ئايەت).

شـۇنـىڭغا دىقــقەت قىلــىــش زۆرۈركـــى، ئەگەر كــاپىـر (يــاكى مۇشــرىك) قېرىنـدىـشـىمىز، ھەتتـا دادىـمـىـز بولغـان تەقـدىـردىمۇ ئۇنـىڭـدىـن ئـادا ـ جـۇدا بولـىشـىمـىز كېرەكلـىكى كەسكـىن تۈردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

"**مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ دوستلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ**" (سۈرە "ئال ئىمران" 28- ئايەت).

"**ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى** (يەنى مۇناپىقلارنى) **سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرۇنغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭقۇر ...** (ئى مۆمىنلەر جامائەسى) **سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ ...**" (سۈرە "ئال ئىمران" 118- ئايەت).

"**ھەرقانداق ئادەم مۇشرىك بىلەن بىر يەردە بولسا** (مۇشرىك بىلەن ئارىلاشسا) **ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسا شۇ ئادەم** (ئەسلى مۇسۇلمان بولسىمۇ) **مۇشرىك بىلەن ئوخشاش**" («ئەبۇ داۋۇد»).

يوقۇرىقى دەلىللەر قاراشلىرىمىزنى قۇۋەتلەشكە يېتەرلىكتۇر.

***قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلىش قانداق چۈشىنىلىۋاتىدۇ؟ قانچىلىك ئەمەل قىلىنىلىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟***

قۇرئـان – بـارلىق مەخلۇقاتنىـڭ يـاقلاپ (ئەگىـشىپ) مېڭىـشى ئۈچـۈن چۈشۈرۈلگەندۇر. پۈتۈن كائىناتنىڭ ھەرىكەت مىزانىدۇر.

"(ئى ئىنسانلار) **پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتاپقا** (قۇرئانغا) **ئەگىشىڭلار**" (سۈرە "ئەئراف" 3- ئايەت).

"**پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار**" (سۈرە "ھەشىر" 7- ئايەت).

"(ئى ئىنسانلار) **قۇرئاننى ئوقۇڭلار، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار ۋە ئۇنى جان بېقىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماڭلار**"(«ئىمام ئەھمەد»).

**”سىلەر مېنىڭ يولۇمنى ۋە ھىدايەتكە ئېرىشكەن خەلىقلەرنىڭ يولىنى تۇتۇڭلار ھەم ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار“**(«ئىمام ئەھمەد»).

مانابۇلار ھۆكۈمدۇر. ئەمما بىزدە قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلىش توغرا چۈشۈنۈلمەيۋاتىدۇ. ئاسان بولسا ئەمەل قىلىۋاتىمىز. ئەگەر جان كېتىدىغان، مال كېتىدىغان بولسا قۇلىقىمىزنى يۇپۇرۇپ، بىلمىگەنگە، ئاڭلىمىغانغا سېلىۋالىمىز. دەسمايە كەتمەيدىغان بولسا، كۆپ زىيان بولمايدىغان بولسا، ئېغىر كەلمىسە رىيا ئارىلاش ھالدا ”ئەمەل“ قىلىمىز. بۇلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقىنى يوقۇرىدا ئايەتلەر ئارقىلىق دەلىللەپ كۆرسەتكەنىدۇق. لېكىن بىز ئاللاھتىن ئەمەس، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدۇق.

بىزنىڭ كامىل بولغان ئىسلام دىنىمىز بار تۇرسىمۇ، خۇددى ئۇنىڭ چالىسى باردەك ئۆزىمىزچە ”تولۇقلىماقچى“ بولىمىز، دىنىدا بولمىغان نەرسىلەرنى قوشىۋالىمىز، ئاندىن ئىختىلاپ قىلىشىمىز. بۇ تۈگىمەس ئىختىلاپلار بىزنى پىرقە- پىرقىلەرگە، مەزھەپلەرگە بۆلۈپ، دۈشمەنلىرىمىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەرمەكتە. ئەمما بىز بۇ ئىختىلاپلارنى ئاللاھنىڭ كالامى ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھنى ئاساس قىلىپ ھەل قىلىش ئورنىغا ئاللىقانداق مەزھەپ باشچىلىرىنىڭ كىتاپلىرىنى، كېيىنكى زامانلاردا ئىجتىھاتچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان كىتاپلارنى ئاساس قىلىۋالىمىز. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى روھىغا خىلاپ بولغاچقا، ئاللاھ بىزنىڭ ”**ئارىمىزغا ئىختىلاپ** (ئاداۋەت) **سېلىپ قويغان**“(«ئىبنى ماجە»). ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ دىنىغا قايتمىساق بۇ ئىختىلاپ تۈگىمەيدۇ.

**”ئەگەر سىلەر ئىسلامدا چەكلەنگەن نەرسىلەرگە ئەگەشسەڭلار، دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تۇتماي ھىلە ئىشلەتسەڭلار، ... ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەرگە خارلىقنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ دىنىڭلانى تاپمىغىچە ئاللاھ خارلىقنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ.“** («ئەبۇ داۋۇد»).

ھازىر بەزى شەھەرلەردە ئىبادەت شەكلى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدە تالاش - تارتىش كۈچىيىپ قانلىق ۋەقەلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا قەدەر بېرىپ يېتىۋاتىدۇ.

شۇنىسى شەرمەندىلىككى، بۇنداق تالاش ـ تارتىشنى (مەسىلەن: سۈرە "فاتىھە" دىن كېيىن ئۇنلۇك ئامىن دېيىش ياكى مەخپى "ئامىن" دېيىشكە ئوخشاش ئىشلارنى) "سىياسىي كېڭەش" تە خىتايلار بەلگىلەپ، جېدىلىمىزنى "ئايرىپ" قويىۋاتىدۇ. قۇلىمىزدا قۇرئان، ھەدىسلەر بار تۇرسا شۇلارغا مۇراجەت قىلساقلا ھەممە ئىش ھەل بولىدىغان تۇرسا، يەنە نېمىنى تالىشىمىز؟ نېمە ئۈچۈن تالىشىمىز؟ ياكى دىندا "چالا قالغان، جاۋاپ تېپىلمايدىغان" مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتامدۇق؟ ياق! مىڭ مەرتە ياق!

"**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم**" (سۈرە "مائىدە" 3- ئايەت) دېگەن ئايەت دېنىمىزنىڭ مۇكەممەل بولۇپ بولغانلىقىنى، ئاللىكىملەرنىڭ قوشۇمچىلارنى قوشۇشىغا ھاجەت يوقلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە تولۇق يەتمەمدۇ؟

"**ئەگەر سىلەر بىر نەرسىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە** (ھەقىقىي) **ئىشىنىدىغان بولساڭلار بۇ** (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە مۇراجەت قىلىش) **سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر**" (سۈرە "نىسا" 59- ئايەت).

**بىدئەت دىگەن نېمە؟ سۈننەت دېگەنچۇ؟**

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە يوق نەرسە باشقا ئادەملەر تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنسا ياكى دىندىكى بۇيرۇقلارنى (بىرىنى بولسىمۇ) تەرك ئەتسە ئەنە شۇ "دىندىكى بىدئەت" دېيىلىدۇ.

"**ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى** (ئىلاھلىرى) **بارمۇ؟**" (سۈرە "شۇرا" 21- ئايەت).

"**ھەر قانداق ئادەم بىزنىڭ ھۆكۈملىرىمىزدە دىنىنىڭ جۈملىسىدىن بولمىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلسا ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ**"(«بۇخارى»، «مۇسلىم»).

”**ھەرقانداق يېڭىلىق** (قۇرئان، ھەدىستە بولمىغان، دىندا يېڭى پەيدا بولغان ئەمەللەر) **ئازغۇنلۇقتۇر، ھەرقانداق ئازغۇنلۇق** (نىڭ جايى جەھەننەمدۇر)“ («ئىمام ئەھمەد»).

بىزدە بىدئەت قىلىقلارنىڭ كۆپلىگىدىن ئۇلارنى تولۇق ساناشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق. بىزدىكى شەكلەن (رىيا بىلەن) ئوقۇلىۋاتقان نامازدىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا بىدئەت دېسەكمۇ ئانچىۋالا ئاشۇرىۋەتكەن بولمايمىز. مەسىلەن: تەركىدۇنياچىلىق، قەبرىدە قۇرئان ئوقۇش، ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ قۇرئان ئوقۇتۇش، ئاتالمىش ”نەزىر“ نامىدىكى مېھماندارچىلىق، يىگىت تويىدا قىز تەرەپنىڭ يىگىتكە ”مەھىر“ بېرىشى ۋە باشقا، توي - تۆكۈنلىرىمىزدىكى غەلىتە ئادەتلەر...

***سۈننەت*** – رەسۇلۇللاھ (س. ئە. ۋ) نىڭ سۆز ۋە ئىش ھەركىتى ***سۈننەتتۇر.*** رەسۇلۇللاھ (س. ئە. ۋ) نىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىش، ئۇ قىلغان ھەركەتنى شۇ بويىچە قىلىش سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلىقتۇر.

تەركىدۇنياچىلىقتا ئاللاھنىڭ ھۆكمى مۇنداق:

”(ئى مۆمىنلەر) **ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى** (تەركىدۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا) **ھارام قىلماڭلار،** (ئاللاھ بەلگىلىگەن) **چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ**“ (سۈرە ”مائىدە“ 87- ئايەت).

***قەبرىدە قۇرئان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى:***

رەسۇلۇللاھ (س. ئە. ۋ) مۇندااق دېگەن: ”**سىلەر ئۆيۈڭلاردىمۇ ناماز ئوقۇپ تۇرۇڭلار، ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىققا ئايلاندۇرىۋالماڭلار**“.

دېمەك، قەبرىستان ناماز ئوقۇلمايدىغان جاي، بۇنداق جايدا قۇرئان ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقى روشەندۇر.

***ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ قۇرئان ئوقۇتۇش ھەققىدە:***

ئاللاھنىڭ كالامىنى پۇلغا سودا قىلىش يولى بىلەن بولىدىغان بىدئەت قىلىق بولۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىپ، ساۋابىنى يۈكسەلتىدىغان ۋاستە قىلىۋېلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ۋاستە موللا -

قارىلارغا ھاۋالە قىلىنىدىغان بولغاچقا ۋاستە – يەنە بىر ۋاستىنى ۋاستە قىلىدۇ، يەنى ئىككى قات ۋاستەدۇر. ئالدىنقى سەھىپىلىرىمىزدە ۋاستە ھەققىدە توختالغانىدۇق، دېمەك، بۇ رۇشەن مۇشرىكلىك ھەم بىدئەت قىلىقلاردىندۇر! بەزىلەر بەلكىم بۇ يەردىكى "قۇرئان ئوقۇش" مەسىلىسىنى ئۆزىگە "مۇداپىئە كۈنلۈگى" قىلىپ تۇرۇپ قاراشلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلار. "قۇرئان ئوقۇش" نىڭ ساۋاپلىق ۋە ئالىجاناپ ئىش ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىز دەۋاتقان سورۇن ۋە بىز دەۋاتقان غەلىتە مەقسەتتىكى بىدئەتنى يېپىشقا بولمايدۇ. شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلمايلىكى، بۇ يەردە "ۋاستە قىلىش" مەسىلىسى، "مەقسەت" (ئاللىكىمگە ئاتاش ھەم "گۇناھنى يېنىكلىتىدۇ" دەپ غەيىپتىن قارار بېرىش)، شۇنداقلا بۇ "ساۋاپلىق ئىش" قا ھەق تۆلەش (ھەق ئېلىش) مەسىلىسى مەۋجۇتتۇر. تېخىمۇ مۇھىمى، قۇرئانى كەرىم ئۆلگەنلەرگە ئەمەس، ھاياتلارنىڭ ئەگىشىپ مېڭىشى ئۈچۈن، ھاياتلارغا يول كۆرسىتىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەندۇر!

نەزىر ھەققىدە ئالدىنقى سەھىپىللىرىمىزدە توختالغانىدۇق.

توي ـ تۆكۈنلىرىمىز ھەققىدە شۇنى ئېيتىمىزكى، ئىسلام دىنىدا پەقەت نىكاھلانغۇچى يىگىت ئايالغا مەھىر بېرىشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن بولۇپ، نىكاھلانغۇچى ئايال (قىز) نىڭ جەمەتىگە، نىكاھلانغۇچى يىگىت (ئەر) نىڭ ئۆزى ۋە جەمەتىگە مەھىر بەلگىلەنمىگەن!

باشقا نۇرغۇن بىدئەتلەر بار، مەسىلەن: خەتنە تويى،... قاتارلىقلار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر كىتاپ يېزىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا بۇ ھەقتە بىز ۋەتەنداشلىرىمىزغا قۇرئانى كەرىمنى (ئۆز زوۋانىمىزدا تەرجىمىسى بولغاندىكىن) ئەستايدىل ئوقۇپ كۆرۈشنى، ھەمىشە "نان كۈچۈگى" موللا ـ قارىلارنىڭ ئۆز نەپسىنى ئاساس قىلىپ سۆزلەپ بېرىشىگىلا قاراپ ئولتۇرماسلىقنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن چەكلىنىمىز.

**_مۇسۇلمانلار قانداق قىلغاندا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ؟_**

مۇسۇلمانلار قاچان ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە رەسۇل ئەكرەم (س. ئە. ۋ) نىڭ سۈننىتىگە تولۇق ۋە توغرا ئەگەشسە، ئىجرا قىلسا، ھەرخىل شەكىلدىكى

شىرىكتىن يىراق بولسا (يەنى ئىسلام چەكلىگەن بارلىق گۇناھلاردىن ساقلانسا ۋە ئىسلام بۇيرىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باش تارتماي قىلسا) مۇسۇلمانلار تەبىئى ھالدا بىر ئۇيۇلتاشقا ئايلىنىدۇكى، بۇ تاشقا چېقىلغان دۇشمەن ئۆزى پارە ـ پارە بولىدۇ، ئەگەر بۇ تاش دۇشمەنگە ئېتىلسا دۇشمەننى يەنچىپ تاشلايدۇ. ئەگەر بىز جىسمىمىزدا يەر ئالغان بىدئەت مىكروپلارنى يوقۇتۇپ، ئەقىدىمىزنى كۈچلەندۈرسەك، ئاللاھ نېمىگە بۇيرىغان بولسا شۇنى بىجانىدىل ئىجرا قىلساق، ”كامىل بولغان دىن“ غا يەنە ئۆزىمىزچە ”تۈزىتىش“ لەرنى كىرگۈزۈپ ئاۋارە بولماي، رەسۇلۇللاھ (س. ئە. ۋ) نىڭ يولى بىلەن ماڭساق ھېچقانداق بىر كۈچ بىزنى يوقۇتالمايدۇ، قورقۇتالمايدۇ، يېڭەلمەيدۇ، خۇددى كىرىش سۆزىمىزدە مىسال قىلىپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن – ھازىرقى كۈندە خىتايلار بىزنىڭ نەسلىمىزنى قۇرۇتۇش يولىدا پايدىلىنىۋاتقان، زەھەرخەندىلىك بىلەن سۇنئى پەيدا قىلىنغان يوق قىلىش ئامىللىرى ياكى ئەسلىدە ئازراق بار بولغان ۋە ئۇنى خىتايلار ”ئوت ئۇستىگە ياغ چېچىش“ ھىلىسى ئىشلىتىپ ئەۋج ئالدۇرىۋاتقان زىيانلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا گۇناھ سانىلىدىغان ئىشلاردۇر. ئەگەر بىز ھەقىقىي ئىمانىمىز بىلەن ياشىساق خىتاينىڭ بۇ يوق قىلىش ۋاسىتىلىرى كېرەككە كەلمىگەن بولاتتى. مەسىلەن: زەھەرلىك چېكىملىك، ئىچىملىك، زىنا،... قاتارلىقلارنىڭ ھارام سانىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئاياندۇر:

”**ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار** (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) **غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ـ ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى** (ھاراقتىن، قىماردىن) **يانمامسىلەر؟**“ (سۈرە ”مائىدە“ 91- ئايەت).

خىتايلار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭمۇ ھۆكمى ئېنىقتۇر:

”(ئى مۇسۇلمانلار) **مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار،** (ھۆر) **مۇشرىك ئايال** (ھۆسن ــ جامال ۋە مېلى بىلەن) **سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمۇغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار،** (ھۆر) **مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر“** (سۈرە ”بەقەرە“ 221- ئايەت).

ھازىر ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقىمىز تۇپەيلى بىزگە ئەيدىز كېسىلى تارقىلىپ كىرمەكتە، بۇنىڭدىن باشقا جىنسى كېسەللەرمۇ ئېغىر. ئەگەر بىزدە دىنى ئەقىدە كۈچلۈك بولغان بولسا بۇ ھالاكەت يولىغا مېڭىشتىن ساقلىنىپ قالغان بولاتتۇق. چۈنكى دىنىمىزدا زىنا توغرىسىدىكى ھۆكۈممۇ ناھايىتى ئېنىق ھەم كەسكىندۇر.

”پىلانلىق تۇغۇت“ سىياسىتى – خىتايلارنىڭ نەسلىمىزنى قۇرۇتۇشتا پايدىلىنىۋاتقان ئەڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇر. بىزنىڭ خېلى زور بىر قىسىم ئادەملىرىمىز ”سۈپەتلىك بالا“ سەپسەتىسىگە ئىشىنىپ ياكى كۆنۈكۈپ، ئۆزلىكىدىن بۇ خىل يوقۇتۇشقا ماسلاشماقتا. بەزىلىرى نامراتچىلىق بېسىۋېلىشىدىن، خىتاينىڭ جېرىمانە ئېلىپ ئىقتىسادى جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرىۋېتىشتىن قورقۇپ، بۇ سىرتماققا كۆنمەكتە! بۇمۇ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىنىڭ يوقلىقى ياكى سۇسلىقىدىندۇر.

”**نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز“** (سۈرە ”ئەنئام“ 151- ئايەت).

”**كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىسقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ چوڭ گۇناھتۇر“** (سۈرە ”بەنى ئىسرائىل“ 31- ئايەت).

بۇنىڭدىن باشقا خىتايلار بىزنىڭ ئارىمىزغا ئىچكى ئاداۋەت تېرىپ، مەزھەپچىلىك ۋە يۇرتۋازلىقنى ئەۋج ئالدۇرىۋەتتى. ئۇلار بۇ زىدىيەتتىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمرانلىقنى داۋام ئەتتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسىنى ياراتماقتا. ئەگەر يۇرتلار ئارا زىدىيەتلەر پەسىيىپ قالغىدەك بولسا

جاسۇسلار ئارقىلىق يەنە جىدەل تېرىپ، ئىككى يۇرت ئارىسىدا قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئاداۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زىدىيەتنى يىلتىز تارتقۇزىۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، بىز ھەممىگە قادىر ئاللاھتىن، مەنىۋى تۈۋرۈكىمىز ھەم قوغدىغۇچىمىز بولغان ھەق دىندىن ئۇزاقلىشىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن دۈشمەننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، دۈشمەنگە قارىتىلىدىغان ئۆچ ۋە ئاداۋەتنى ئۆز قېرىندىشىمىزغا قارىتىۋاتىمىز. بۇ ھەقتە – مۆمىنلەرنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق يوقۇرىدا يېتەرلىك دەلىللەر كەلتۈرۈلگەندى.

”**ئى مۆمىنلەر، سىلەر ئاللاھقا** (ئاللاھنىڭ دىنىغا) **ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە** (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) **ياردەم بېرىدۇ. قەدىمىڭلارنى** (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) **بەرقارار قىلىدۇ**“ (سۈرە ”مۇھەممەد“ 7- ئايەت).

مانا بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى. ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدىن گۇمانلىنىدىغانلار بارمۇ؟ ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەندۇر.

ئۇنىڭدا ئىنسانلارغا زىيانلىق، ئىنسانلارغا مالال كېلىدىغان ھېچقانداق تەركىپ يوق. ئىنساننى قىينايدىغان ھۆكۈممۇ يوق! ئەگەر كىمكى ئىسلام دىنىنىڭ پەرز، سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇ يوقۇرىدا كۆرسىتىلگەن زىيانلارغا ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر زىيانلىق تەركىپلەر بار دەپ تونۇيدىغانلار بولسا دەلىل كەلتۈرۈپ باقسۇن! ئەگەر بىر ئادەم يولدىن ئاداشقان بولسا ئۇنى كىچىك باللارمۇ كولدۇرلىتالايدۇ. بىز ئەنە شۇ ھالدىمىز. ئازغانمىز. شۇڭا خىتايلار بىزنى خالىغان سەنئىمگە دەسسەتمەكتە. توغرا يولنى — ئاللاھنىڭ دىنىنى تېپىۋالايلى!

# ئىككىنچى باپ

# ئىسلام دىنى ــــ مۆجىزە ۋە ئىلىم

***قۇرئانى كەرىم ئاللاھنىڭ كالامىدۇر.***

دىنسىزلار، يەھۇدىيلار، ماسونلار[①]، ناسارالار ۋە ماتېرىيالىستلار قۇرئانى كەرىمنى ۋەھيي ئەمەس، مۇھەممەد(س ئە ۋ) تەرىپىدىن يېزىلغان دەپ بۆھتان قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ داۋالارنىڭ نەقەدەر ھەقسىزلىكىنى ئۈچ جەھەتتىن ئىسپاتلايمىز: 1) قۇرئانغا چاپلىغان بۆھتانلىرى؛ 2) ئەسىرلەردىن كېيىن توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ئىلمى ھەقىقەتلەرنىڭ قۇرئانى كەرىمدە 1400 يىلدىن بېرى مەۋجۇتلىقى؛ 3) قۇرئانى كەرىمنىڭ كومپيۇتېر ئارقىلىق تەتقىق قىلىنىش بىلەن چۈشىنىلگەن بىرمۇنچە سىرلىق مۇجىزاتلىرى.

17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن دەۋرىمىزگىچە غەرپتە ” دىن بىلەن پەن بىر ـ بىرىگە قارمۇ ـ قارشى، ھېچ زامان كېلىشەلمەيدۇ“ دېگەن قاراش باردى. ۋەتىنىمىزدە بولسا كوممونىستلارنىڭ رىئاكسىئون تەشۋىقاتى داۋام قىلىۋاتقاچقا ” دىن بىلەن پەن قارمۇ ـ قارشى“ دېگەن قاراش بۆگۈنگىچە ساقلانماقتا. بۇخىل قاراشنىڭ تارىخي يىلتىزى يەھۇدىلىك، غولى كوممونىستلىقتۇر! بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا پەن – دىن بىلەن ئەمەس، ئىلاھى

[①] ماسون – بۇ «مەخپىي قېرىنداشلىق» تىپىدىكى بىر خىل مەخپىي تەشكىلات بولۇپ، دۇنياۋىي يەھۇدىي ھاكىمىيىتى قۇرۇش غايىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، دۇنيانىڭ ئەڭ تارىخى ئۇزۇن تەشكىلاتىدۇر.

دەستۇرلۇق سۈپىتى بۇزۇۋېتىلگەن – بۇرمىلانغان تەۋرات ۋە ئىنجىل بىلەن قارمۇ - قارشىدۇر.

”دىن (يەھۇدىلىك ۋە خىرىستىيانلىق)“ بىلەن پەننىڭ كۆرىشى كوسمولوگىيىدە [1] قۇياش مەركەزمۇ ياكى يەر مەركەزمۇ؟ دېگەن مەسىلىدىكى تالاش - تارتىش سۈپىتىدە ئىپادىلەندى. تەۋراتنىڭ (بۇرمىلانغان تەۋرات كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بۇ ھەقتىكى قارىشى شۇ زامانىدىكى ”يەر مەركەز“ دەيدىغان كوسمولوگىيە مودېلى ئىدى. پەقەت 16- ئەسىردە مۇسبەت بىلىملەرنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن يەرشارىنىڭ ”مەركەز“ ئەمەسلىكىنى كوپېرنىك[2] دۇنياغا جاكالىدى. تېلىسكوپنىڭ ئىجاتچىسى گالىلى[3] بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلىدى.

بۇ بايقاشلار كوپېرنىكنى ۋە گالىلىنى چېركاۋغا قارشى قىلىپ قويدى. ھەتتا چېركاۋ گالىلىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. گالىلى قاراشلىرىدىن تېنىشقا مەجبورلاندى. بۇ داۋا چېركاۋنىڭ ”غەلىبىسى“ بىلەن تاماملاندى. ئەمما بۇ ۋەقە چېركاۋنىڭ خەلق نەزىرىدىن چۈشۈشىگە سەۋەپ بولدى.

پەن بىلەن ”دىن“ ئارىسىدىكى زىددىيەت يەنىلا تەۋرات بىلەن باغلىق بولۇپ، تەۋراتنىڭ يەر شارى يېشىنى 6~7 مىڭ يىل دېگەن قارىشىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھالبۇكى، ئىسپاتلارغا كۆرە بۈگۈنكى ئىلىم - پەن دۇنيانىڭ يېشىنى 4.5 مىليارت يىل دەپ قوبۇل قىلماقتا. ئەمەلىيەت شۇكى، زىددىيەت پەن بىلەن دىن ئارىسىدا ئەمەس، ئىلاھى ۋەھى ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان تەۋرات ۋە ئىنجىل ئارىسىدا داۋام قىلماقتا.

بۇ زىددىيەت ئۇزۇندىن بېرى قۇرئان بىلەن پەن ئارىسىغا قىستۇرۇشقا ئۇرۇنۇلغان بولسىمۇ، دېيىلىۋاتقانلىرى ئىلمى ئاساسلاردىن ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، ھەممىسى پەرەزدىن نېرىغا بارالمىدى. ھەرھالدا بۇ ئۇرۇنۇشلار دىننىڭ ھېچبىر زامان پەن بىلەن كېلىشەلمەيدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنگەن

[1] كوسموئولوگىيە – ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

[2] كوپېرنىك – پولشا ئاسترونومىيە ئالىمى، «قۇياش سىستېمىسى»نى كەشپ قىلغان.

[3] گالىلى – ئىتالىيە فىزىكى ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى، تېلىسكوپنى كەشپ قىلغان.

ماتېرىيالىستلارنىڭ نۇمۇسسىز مەيدانىنى ئۇستۇن قىلالمىدى. بۇ قاراشلار ئاساسەن مۇنۇلار:

قۇرئانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالەمنىڭ يارىتىلىشى (كوسمولوگىيە) ھەققىدە بولۇپ، بۇ ئۈچ بۆھتانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. «قۇرئاندا ‹يەر مەركەز› قارىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن» مىش؛

2. «قۇرئاندا ‹ئالەم تۇرغۇن ھالدا› دېگەن سەپسەتە يەر ئالغان» مىش؛

3. «ئالەمنىڭ ‹ئالتى كۈندە يارىتىلغان› لىقى ئەقىلغە سىغماس» مىش؛

يۇقۇرىقى ئۈچ نوقتىدىكى بۆھتانغا بىر ـ بىرلەپ رەددىيە بېرىمىز:

### *1) ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدا "يەر مەركەز قارىشى" ھەققىدە*

«قۇرئاندا ‹يەر مەركەز› قارىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن» دەپ بۆھتان قىلىشتا ماتېرىيالىستلار ئىسپات سۈپىتىدە ئىككى ئايەت كۆرسىتىدۇ:

سۈرە "بەقەرە" 29- ئايەت:

**"ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى. ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ ياراتتى . . . "**

سۈرە "فۇسسىلەت" 11~12- ئايەتلەر:

**"ئاندىن ئاسماننى** (يارىتىشقا) **يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: ‹ئىختىيارى ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار› دېدى. ئىككىلىسى: ‹ئىختىيارى كەلدۇق› دېدى. ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى. ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق . . . "**

بۇ ئايەتلەرگە قاراپ، ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدا ئاۋال يەر، ئاندىن ئۇستىدىكىلەر، ئەڭ ئاخىرىدا ئاسماننىڭ يەتتە ئاسمان قىلىپ يارىتىلغانلىقىنى "يەرنى مەركەز قىلغان ئالەمنىڭ يارىتىلىش سەپسەتىسى" دەپ ئەيپلىمەكچى بولىدۇ.

بۇخىل رەتكە تىزىش – قۇرئان بىلەن پەننىڭ بىر بىرىگە قارمۇ ـ قارشى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ماتېرىيالىستلارنىڭ رەتكە تىزىشىدۇر. لېكىن بۇ ئايەتلەردە يەرنىڭ كائىناتتىن بۆلۈنۈپ چىقىشى ياكى كائىناتتىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئىشارەت يوق. ئايەتتە زىكرى كەچكەن ئاسمان يەر شارىنى قاپساپ تۇرغان ئاتموسفېرا مەناسىنى بېرىشى مۇمكىن ئەمەسمىكەن؟

ئايەتنىڭ داۋامىدا:

”... **ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئاسماننى يەتتە قىلىپ ياراتتى**“ دېيىلگەن. دېمەك، كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ئەمەس، يەتتە قات ھالەتتىكى يەر شارى ئاتموسفېراسىنىڭ يارىتىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ يارىتىلىشى ھەقىقەتەنمۇ يەرنىڭ يارىتىلىشىدىن كېيىندۇر. دېمىسىمۇ بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن بىزگە ئاتموسفېرانىڭ تەبىقىلەرگە ئايرىلىشى يەرنىڭ شەكىللىنىشىدىن كېيىن بولغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئاتموسفېرانىڭ ئىسسىقلىق دېرىجىسىگە قارىتا قەۋەتلەرگە بۆلۈنىشى بۇ شەكىلدە:

1. تىروپوسفېر؛
2. ستروفوسفېر؛
3. مېزوسفېر؛
4.تېرموسفېر؛
5.چېتېروسفېر؛
6.ئېكسوسفېر؛
7. سەييارىلار ئارا بوشلۇق.

بۇ ئايەتتە دېيىلگەن ”ئاسمان“ كەلىمىسىنىڭ يەر شارى ئاتموسفېراسى ئىكەنلىكىنى قۇۋۋەتلەيدىغان باشقا بىر دەلىل – سۈرە ”ئەنبىيا“ نىڭ 32-ئايىتىدە بولۇپ، بۇ ئايەتتە ”ئاسمان“ كەلىمىسى قوللىنىلىش بىلەن بىرگە بىرخىل ”قوغدىغۇچى ئۆگزە“ سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن:

**”ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق . . .“.**

ئاتموسفېرا قەۋەتى مىڭ كىلومېتىر قېلىنلىقتىكى يۇمشاق بىرخىل پوست (تېرە) دۇر، بۇ "پوستلاق" قەۋەت ھەر كۈنى ئۇزاق كۆكتىن چۈشىدىغان ئۇششاق مېتېئورىت ۋە زىيانلىق نۇرلارغا قارشى بىز – يەر شارلىقلارنى قوغداپ كەلمەكتە. مانا بۇ "بىخەتەر ئۆگزە" – ئاتموسفېرانى بىلدۈرىدىغان ئىشارەتتۇر (تېخىمۇ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھ).

بۇ ئىككى ئايەتكە قاراشتا ماتېرىيالىستلار "يەر" نىڭ "ئاسمان" دىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇنىڭ يارىتىلىش تەرتىپى دەپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭ ھېچ ئاساسى يوقتۇر. بايان قىلىنىش تەرتىپى – يارىتىلىش تەرتىپىنى بىلدۈرەلمەيدۇ. ئۇنداق بولىدىغان بولسا "ئاسمان" كەلىمىسى "يەر" كەلىمىسىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپتۇر. مەسىلەن: سۈرە "تاھا" 4- ئايەت، سۈرە "بەقەرە" 29- ئايەت،... بۇ ئايەتلەردە "ئاسمان" – "يەر" دىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان. يەنە: سۈرە "نازىئات" 27~30- ئايەتلەر، سۈرە "شەمس" 5~6- ئايەتلەر، سۈرە "ئەئراف" 54- ئايەت، سۈرە "يۇنۇس" 3- ئايەت، سۈرە "سەجدە" 4- ئايەت، سۈرە "زۇمەر" 5- ئايەت، سۈرە "ھۇد" 7- ئايەت قاتارلىقلار.

***2) "ئالەمنىڭ تۇرغۇن ھالدا يارىتىلغانلىقى" سەپسەتىسى***

قۇرئانغا بۆھتان قىلىنغان بۇ قاراشنىڭ يىلتىزىمۇ تەۋراتتۇر. پتولېمايىس(Ptolemis)، نيوتون، ھەتتا ئېينىشتېيننىڭ بىر زامانلار باش ئۇرغان "تۇرغۇنلۇق" يارىتىلىش مودېسى قۇرئاندىن ھېچ تېپىلمايدۇ. ئەكسىچە قۇرئاندا ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە ھەرىكەتلىك ۋە داۋاملىق كېڭىيىۋاتقان بىر قۇرۇلۇش سۈپىتىدە بايان قىلىنغاندۇر. ئىلگىرى ئۇلار بۆھتانلىرىغا ئايەتلەرنى مىسال قىلىپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغانىدى (بۇنىڭ رەددىيىسى تۆۋەندىكى قىسىملاردا باشقا ئىسپاتلارغا ئارىلاش ھالدا كۆرۈلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئىسپات قىلغۇچى ئون دەلىلگە قاراڭ).

***3) ئالەم ئالتە كۈن (ئەييام) د ە يارىتىلغانلىقىغا ئۇلارنىڭ گۇمانى***

بۇ قاراشقا ئىسپات قىلىنغان ئايەتلەر:

**”رەببىمىز ئۇ ئاللاھتۇركى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈن** (ئەييام) **دە ياراتتى“.**

بۇ ئايەتتە قوللىنىلغان ”ئەييام“ كەلىمىسى ”يوم (كۈن)“ كەلىمىسىنىڭ كۆپلىكىدۇر. ”يوم“ كەلىمىسىنىڭ كەڭ مەنىدە ”كۈن“ سۈپىتىدە قوللىنىلىشىنىڭ ئەكسىچە، ”ئەييام“ كەلىمىسى ئەرەپچىدە ھەم ”كۈنلەر“، ھەم ”ئۇزۇن زامان“، ھەمدە ”ئېنىقسىز بىر زامانلار“ مەنىسىنى بېرىدۇ. بۇ مەزمۇندا قوللىنىلغان ئايەتلەرمۇ مەۋجۇتتۇر. مەسىلەن: سۈرە ”سەجدە“ 5- ئايەت:

**”ئاندىن ئۇ ئىشلار ئۇزۇنلىقى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك بىر كۈندە...“.**

يەنە سۈرە ”مائارىج“ 4- ئايەتتە: **”ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقى** 50 **مىڭ يىل كېلىدۇ“.**

”كۈن“ – قۇياش سىستېمىسى ئىچىدە ئوخشىمىغان ۋاقتنى مەزمۇن قىلىدۇ. يەر شارى ئۈچۈن 24 سائەت بولغان ”كۈن“ چۈشەنچىسى مېركۇرى ئۈچۈن 2112=88 ×24 سائەتتۇر (يەنى مېركۇرى ئۆز ئوقى ئەتراپىنى بىر قېتىم ئايلىنىش ئۈچۈن 88 يەر شارى كۈنى ۋاقت سەرپ قىلىدۇ). ئۇ ھالدا ئايەتتە دېيىلگەن ”ئەييام“ كەلىمىسىنى ئاددىلا ”ئالتە كۈن“ دەپ چۈشەنمەك تەنتەكلىكتۇر. قۇياش سىستېمىسىنىڭ يارىتىلىشىدىن بۇرۇنقى يارىتىلىشلار ھەققىدە سۆز كېتىۋاتقاندا ”كۈن“ كەلىمىسىنى 24 سائەتلىك يەر شارى كۈنى دەپ چۈشىنىش توغرا بولمايدىغانلىقى رۇشەندۇر (چۈنكى ئۆلچەم بولىدىغانغا يەر شارى تېخى ئەمدىلا يارىتىلىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ يەر شارى كۈنىنى – يوق نەرسىنى ئۆلچەم قىلغىلى بولسۇن؟).

1400 يىلنىڭ ئالدىدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ بىلىشى ئىمكانسىز بولغان ئىلمى ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئانى كەرىم ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولىدىغان دەلىللەردىن ئونىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

***1. قۇياش ۋە ئاي ئارىسىدىكى پەرق***

قۇرئانى كەرىمدە قۇياش ۋە ئاي توغرۇلۇق بايان قىلىنغىنىدا ئالاھىدە ئىپادىلەش ۋاستىسى قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئىلمى ھەقىقەتلەر 1400 يىل بۇرۇنلا مۇقىملاشتۇرۇلغان. سۈرە "يۇنۇس" 5- ئايەت:

**"ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى، ئاينى يورۇق قىلىپ ياراتتى".**

نۇر چاچقۇچىدا قىزىقلىق ۋە ئوت بولىدۇ، "يورۇق" پەقەت قاراڭغۇنىڭ ئەكسى بولغان، نۇر چاچقۇچىدىن يورۇق ئالغان مەنانى بىرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاي نۇر مەنبەسى ئەمەس، پەقەت قۇياشتىن ئالغان نۇرنى قايتۇرىدۇ، خالاس.

***2. دۇنيا قۇتۇپلاردا ياپىلاقتۇر***

سۈرە "رەئىد" 41 - ئايەت:

**"يەرنى ئەتراپىدىن تارايتىپ بىرىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلار كۆرمەمدۇ؟".**

يەر شارى چەمبەر شەكىللىك ئەمەس، ئېللىپس شەكىللىك بولۇپ، قۇتۇپلاردا ياپىلاق، ئېكۋاتوردا دۆمبەلىدۇر. ئېكۋاتورنىڭ بۆرتۈپ چىقىشى قۇتۇپلارنىڭ ياپىلاقلىقىدىن ئالغا سۈرۈلگەن نەتىجىدۇر. ئۇھالدا ئايەتتە "تارايتىپ بىرىۋاتىمىز" دەپ كۆرسىتىلگەن "ئەتراپ" قۇتۇپلاردۇر. بۇ جۈملىدىكى پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىدە قوللىنىلىشى بۇ ياپىلاقلىشىش ھادىسىسىنىڭ يەر شارى ھەركىتى بىلەن بىرگە داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان بارلىق جىسىملارغا ئوخشاش يەر شارى ئېكۋاتورىمۇ بارغانسىرى كۆتۈرۈلمەكتە!

***3. قۇياش سىستېمىسىنىڭ يولى***

سۈرە "ياسىن" 38- ئايەت:

**"كۈن بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ غالىپ، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىن ـ ئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر"** دىيىلگەن. بۇ ئايەتتە قۇياشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىر جايغا قاراپ ئىلگىرلەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان. زامانىمىزدىكى ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقاتىغا كۆرە، قۇياش سىستېمىسىنىڭ بوشلۇقتىكى ماسلىشىشى ياخشى چۈشەندۈرىلىۋاتىدۇ: قۇياش – ۋېگا يۇلتۇزىغا يىقىن

بولغان ھېركۈل بۇرچىدىكى بىر نوقتىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ ھەركەتنىڭ سېكونتلۇق تېزلىكى 19 كىلومېتىردۇر.

*4. دۇنيانىڭ يۇمىلاقلىقى*

سۈرە "ياسىن" 37- ئايەت:

"(ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) **بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى سويىۋالىمىز ـ دە، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ**".

بۇ ئايەتتە قوللىنىلغان "سەلىخ" كەلىمىسى ئەرەپ تىلىدا ھايۋان تېرىسىنى سويۇپ چىقارماق مەنىسىدە كېلىدۇ[1] يەنى، ئاستا ـ ئاستا سويماق مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ "تەدرىجى سويۇش" يەرنىڭ يۇمۇلاق بولىشىنى تەقەززار قىلىدۇ. ئەگەر يەر تۈز بىر مەيدان شەكلىدە بولسا ئىدى، كېچە ھەم كۈندۈز بىردىنلا بىلىنىپ تۇراتتى.

سۈرە "زۇمەر" 5- ئايەتتە شۇنداق دېيىلىدۇ:

"**ئاللاھ تائالا كېچىنىڭ ئۈستىگە كۈندۈزنى، كۈندۈزنىڭ ئۈستىگە كېچىنى ئورايدۇ** (كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ)".

قۇرئانى كەرىمنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، قوللىنىلغان سۆزلەملەر ئىنتايىن ئەستايىدىل تاللانغاندۇر. بۇ ئايەتتە قوللىنىلغان "تەكۋىر" كەلىمىسى شۇلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ سۆز ئەرەپچىدە "يۇمىلاق" بىر نەرسىگە يەنە بىر نەرسىنى ئورىماق، دىگەن مەنادا كېلىدۇ ـ دە، "سەلىخ" تەك ئاستا - ئاستا داۋاملاشقان بىر ئىشنى چۈشەندۈرگەنلىكتىن، يەرنىڭ يۇمۇلاقلىقىغا ئىشارە قىلىنىدۇ.

يەر شارىنىڭ يۇمۇلاقلىقىغا يەنە بىر ئىشارەت سۈرە "ئەئراف" 97~98- ئايەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

---

[1] قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە "ئايرىماق" مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنغان.

**"...شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى**(غەپلەتتە) **ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقمامدۇ؟ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ چۈش ۋاقتىدا — ئۇلار ئويناپ تۇرغانلىرىدا كېلىشىدىن قورقمامدۇ؟".**

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھنىڭ (ئازاپ ھەققىدىكى) ئەمرى كەلگەندە دۇنيانىڭ بىر يېرىدە كېچە، بىر يېرىدە كۈندۈز بولىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ يۇمۇلاقلىقى توغرىسىدىكى تېخىمۇ ئېنىق ئىشارەتتۇر. بۇ مەسىلىلاردا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نوقتا شۇكى، قۇرئان نازىل بولغان دەۋر – 1400 يىلنىڭ ئالدىدىكى دەۋر – دىكى ئىنسانلارغا دۇنيانىڭ يۇمۇلاقلىقىنىڭ ئېنىق دېيىلمەسلىكىدۇر. چۈنكى، ئۇ دەۋىردە دۇنيانىڭ يۇمۇلاقلىقىنى ئۆزلىرى ئىسپاتلىمىغانلىقى، ئۇچۇن قوبۇل قىلالماسلىقى، قۇرئاننىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىشى مۇمكىنىدى.

5. ***كېچىنىڭ يارىتىلىشى***

سۈرە "نەمىل" 86- ئايەت:

**"ئۇلار كۆرمىدىمىكىنە! بىز ئۇلارنى قويندا ئارام** (راھەت) **تاپسۇن دەپ كېچىنى ياراتتۇق، كۆرۈشلىرى ئۇچۇن كۈندۈزنى. ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان بىر قەۋىم ئۇچۇن شەكسىز ئالامەتلەر بار..."**①

ئايەت كەرىمدە "كېچىنى ياراتتۇق" دەپ كەلگەن. ئىنسانلار كۈنىمىزگىچە "كېچە – زادى شۇنداق، بولىدىغان قاراڭغۇلۇقتۇر، ھازىرلىنىپ بولۇنغان تەرتىپتۇر" (يەنى، قۇياش پاتقاندىكىن تەبىئىي قاراڭغۇ بولىدۇ ـ دە!) دېگەن قاراش بىلەن، ئاللاھنىڭ بۇ ئەمرىدىكى تەتقىقات قىممىتىنى چۈشەنمەي كەلگەنىدى. ھالبۇكى، ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدا "قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر (ئاسمان غارلىرى)" بولمىغان بولسا كېچىمۇ، كۈندۈزمۇ ئانچە پەرقسىز ھالدا غەلىتە بىرخىل يورۇقلۇق ئىشغالىدا قالغان بولاتتى. بۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر

---

① قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بۇ شەكىلدە ئېلىنغان: "ئۇلارغا كېچىنى ئارام ئالىدىغان (ۋاقىت) قىلغانلىقىمىزنى، كۈندۈزنى (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىش ئۇچۇن) يورۇق قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟ ...".

ماگنىتلىق ´خۇسۇسىيىتى بىلەن نۇرلانى يۇتۇپ كېچىنىڭ مۇكەممەل بولىشىغا ئىمكان بېرىدۇ.

*6. **ئوربىتالار***

سۇرە "ياسىن" 40- ئايەت:

**"كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ".**

سۇرە "ئەنبىيا" 33- ئايەت:

**"ئاللاھ كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ۋە ئاينى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى پەلەكتە سەير قىلىدۇ".**

ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. بۇگۈنكى بوشلۇق مېخانىزىمىدا ھەربىر جىسىمنىڭ بىر ئوربىتىسى بولىدىغانلىقى ۋە ھەربىرىنىڭ ئارىسىدا بىر ئوربىتا تەڭلىمىسىنىڭ بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا.

*7. **دېڭىزلارنىڭ ئارلىشىپ كەتمەسلىكى***

ئوخشىمىغان دېڭىزلارنىڭ بىر بىرلىرىگە قوشۇلۇپ تۇرغان ھالدا بىر مەزگىلدىن كېيىن پەرقلىق خۇسۇسىيەتلىرى يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ. ھەربىر دېڭىزنىڭ ئۆزىگە خاس قۇيۇقلىقى، ئىسسىقلىقى، تۇز مىقدارى،... بولىدۇ. تەتقىقاتلار نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، دېڭىزلار قوشۇلۇپ تۇرسىمۇ ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى يوقاتمايدۇ. مەسىلەن: ئاتلانتىك ئوكيان جەبىلتارىق (گىبرالتار) بوغۇزى ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن قوشۇلۇپ تۇرسىمۇ، ھەر ئىككىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

بۇخىل قوشۇلۇپ تۇرۇپمۇ ئارلىشىپ كەتمەسلىككە سەۋەپ بولغان قانۇنىيەت پەقەت دەۋرىمىزدىلا چۈشەندۈرۈلمەكتە. بۇ – سۇيۇقلۇقلاردىكى "تاشقى چېكىش قانۇنى" دۇر. ھەرىكەتتىكى ئىككى سۇيۇقلۇقنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان بۇ توسالغۇ سۇيۇقلۇقلارنىڭ مالېكۇلىلىرىدىكى كوھېرىيۇن قۇۋۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن مەيدانغا كەلگەن. بۇ سەۋەپتىن ئىككى سۇيۇقلۇق ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلايدۇ. بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە 1400 يىلدىن بېرى قۇرئانى كەرىمدە باردۇر.

سۈرە ”فۇرقان“ 53- ئايەت:

**”ئاللاھ** (قۇدرىتى بىلەن) **بىرى تاتلىق، بىرى تۇزلۇق بولغان ئىككى دېڭىزنى قويىۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەردە توسما بەرپا قىلدى“.**

سۈرە ”رەھمان“ 19~20- ئايەت:

**”ئۇ ئىككى دېڭىزنى ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ“.**

***8. ھەربىر شەيئى جۈپ يارىتىلغاندۇر***

**”ئويلاپ ئىبرەت ئالسۇن دەپ ھەربىر شەيئىنى جۈپ ياراتتۇق“** (سۈرە ”زارىيات“ 49- ئايەت).

سۈرە ”ياسىن“ 36- ئايەت:

**”ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى، زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار“.**

سۈرە ”رەئىد“ 3- ئايەت:

**”مېۋىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئەركەك ـ چىشى – ئىككى جىنىسلىق قىلىپ ياراتتى“.**

بىلىم دۇنياسى ئەسىرلەردىن كېيىن ئېلېكترون ۋە ئاتوملاردا مۇسپەت ۋە مەنفى قۇتۇپلار ھەققىدە بايان قىلىشقا باشلىدى. ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا بولىدىغان ”ئەركەك ـ چىشى“ لىكنىڭ ئۆسۈملۈكلەردىمۇ بولىدىغانلىقى يېڭىلا مەلۇم بولدى. ئەڭ مۇھىمى بۈگۈن زامانىۋى فىزىكىنىڭ ”پارىتە“ قانۇنىنىڭ كەشىپ قىلىنىشىدۇر. ”پارىتە“ – ماددا ۋە ئانتى ماددىنىڭ جۈپ يارىتىلىشىدۇر. قۇرئانى كەرىم بۇلارنى خەۋەر قىلىش بىلەنلا قالماي، بىلىم دۇنياسىغا چىراق يېقىپ بەرمەكتە. بىزگە يېپ ـ يېڭى تەتقىقات ساھەلىرىنى سۇنماقتا.

***9. يامغۇر –ئۆلچەم بىلەن ياغدۇرىلىدۇ***

**”ئاللاھ بۇلۇتتىن ئۆلچەم بىلەن يامغۇر ياغدۇردى“** (سۈرە ”زۇخرۇف“ 11- ئايەت).

دەۋرىمىزدە ئالىملار يەر شارىغا چۈشكەن ئومۇمى يامغۇرنى ھېساپلاپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئاسماندىن يەرشارىغا ھەر سېكونتتا 17 توننا يامغۇر چۈشمەكتە. بىر يىلدا 536 تىرلىيون توننا يامغۇر چۈشمەكتە. بۇ رەقەم ھەر يىلى مۇقىم بولماقتا، بۇندىن ئاز ياكى كۆپ بولىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگىنى يوق.

### ***10. ئانا قارنىدىكى ئۈچ قاراڭغۇلۇق***

جاننىڭ ئۈچ قاراڭغۇلۇق رايوندا مەيدانغا كېلىدىغانلىقى ئىرىسىيەت گېنى ئىلىمىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىدۇر. بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىنغان ئايەت سۈرە "زۇمەر" 6- ئايەتتۇر:

**"ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققى قىلدۇرۇپ ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يارىتىدۇ".**

قۇرئانى كەرىمنىڭ بىر مۆجىزىسى شۇكى، ئۇنىڭدا سان سىستېمىسى بىر ئىنسانىنىڭ قولىدىن كەلمەس دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تۈزۈلگەنلىكىدۇر. قۇرئاننىڭ "19" ساننى چۆرىدىگەن ھالدىكى قۇرۇلمىسى، بۇنىڭ ئىچكى ئۇيغۇنلىقىدىن قارىغاندا بۇ سىستېمىنىڭ بىر ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىش ئېھتىمالى قانچىلىكتۇر؟ دېگەن سۇئالغا كومپيۇتېرنىڭ بەرگەن جاۋابى: $1/6.26\times10^{26}$ پىرسەنت ئېھتىمالدۇر. بۇ جاۋاپ ماھىيەتتە نۆل دېمەكتۇر.

### ***"19" مۆجىزىسى ۋە سۆزلەرنىڭ قانۇنىيەتلىك تەكرارلىنىشى***

قۇرئاننىڭ باشلىنىش جۈملىسى بولغان "بىسمىللاھ..." 19 ھەرپتۇر.

قۇرئان 114 سۈرىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇ سان 19 نىڭ ئالتىگە كۆپەيتىلمىسىدۇر (114 = 19 × 6).

ئەڭ دەسلەپكى سۈرە – "ئەلەق" سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى بەش ئايىتى جەمئى 19 سۆزدىن تەركىپ تاپقان.

بۇ دەسلەپكى ۋەھيي 76 ھەرپتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇ 19 نىڭ تۆرتكە كۆپەيتىلمىسىدۇر (19 × 4 = 76).

تۈنجى ۋەھيي سۈرە "ئەلەق" جەمئى 19 ئايەتتۇر.

”ئەلەق“ سۈرىسى جەمئىي 285 ھەرپتۇر. بۇ سان 19 نىڭ 15 كە كۆپەيتىلمىسىدۇر (285=19×15).

ئاخىرقى ۋەھيىنىڭ باش ئايىتى 19 ھەرپتۇر.

ئەڭ دەسلەپكى سۈرە ”ئەلەق“ نىڭ باشتىكى بەش ئايىتى جەمئىي 19 سۆزدىن تەركىب تاپقان (19 ×1).

ئىككىنچى ۋەھيي سۈرە ”قەلەم“ نىڭ باشتىكى توققۇز ئايىتى 38 سۆزدۇر (2× 19).

ئۈچىنچى ۋەھيي سۈرە ”مۇزەممىل“ نىڭ باشتىكى 10 ئايىتى 57 سۆزدۇر، بۇ سان 19 نىڭ 3 كە كۆپەيتىلمىسىگە تەڭدۇر (57=19×3).

تۆرتىنچى ۋەھيي سۈرە ”مۇددەسسىر“ نىڭ 30- ئايىتىدە ”19“ دېگەن سانغا دىققەت تارتىلغاندۇر.

ۋەھيي نۆۋىتىگە ئاساسەن قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ”19“ دېگەن ساندىن كېيىن 19 ھەرپلىك ”بىسمىللاھ..“ نازىل بولغان.

”بىسمىللاھ ...“ ئىچىدىكى ھەربىر سۆزنىڭ پۈتۈن قۇرئاندا قانۇنىيەتلىك تەكرارلىنىش سانى 19 نىڭ كۆپەيتمىلىرىدۇر:

”ئىسىم“ سۆزى 19 قېتىم (19 ×1).

”ئاللاھ“ سۆزى 2698 قېتىم (19 ×142).

”راھمان“ سۆزى 57 قېتىم (19 نىڭ 3 كە كۆپەيتمىسى).

كۆپەيتكۈچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 152 بولۇپ، 19نىڭ 8 گە كۆپەيتمىسىگە تەڭ.

***

قۇرئانى كەرىمدە بەزى سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىگەن ئۇقۇملىرى بىلەن تەكرارلىنىش سانى ئارىسىدا مۇكەممەل بىر باغلىنىش بار:

”ئاي“ كەلىمىسى 12 قېتىم (بىر يىلدىكى 12 ئاي).

”يەتتە ئاسمان“ تەبىرى يەتتە قېتىم (بىر ھەپتىدىكى 7 كۈن).

”كۈن“ كەلىمىسى 365 قېتىم (بىر يىلنىڭ كۈن سانى).

”كۈنلەر“ كەلىمىسى 30 قېتىم (بىر ئايدىكى 30 كۈن).

ناھايىتى ئاز بىر قىسمى كۆرسىتىلگەن بۇ مىساللاردىن كېيىن قۇرئانى كەرىمنىڭ باشقا بىر مۆجىزىسىنى بايان قىلىمىز:

***قۇرئاندا "تۆمۈر" نىڭ سىرى***

تۆمۈر – يەر شارىدىن ئەڭ كۆپ تېپىلىدىغان تۆرت ئېلېمېنتنىڭ بىرى. بۇ ئېلېمېنت قوللىنىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئىنسان ھاياتىدا موھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇنچە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر توغرىسىدا قۇرئانى كەرىمدە بەش يەردە توختالغان. ئەمما تۆمۈرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىغان خاس ئايەت "ھەدىد" سۈرىسى ئىچىدىدۇر:

**"تۆمۈرنى چۈشۈردۇق[①] ، تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار".**

سۈرە "ھەدىد" قۇرئاننىڭ 57- سۈرىسىدۇر. بۇ سان – تۆمۈرنىڭ ئىزوتوپلىرىدىن بىرىنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىدۇر.

سۈرە "ھەدىد" قۇرئاننىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا 58- سۈرە بولۇپ، بۇ سان – تۆمۈرنىڭ باشقا بىر ئىزوتوپىنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىدۇر.

1~26- ئايەتلەر ئارىسىدا "ئاللاھ" 26 قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سان تۆمۈرنىڭ ئاتوم نومۇرىدۇر (مېندېلېيېۋ دەۋرى جەدۋىلىدىكى تەرتىپ بويىچە).

"ھەدىد" ئەرەپ تىلىدا تۆمۈر دېمەكتۇر.

"ھەدىد" نىڭ ئەبجەد ھىسابى 26 دۇر (ئاتۇوم رەت نومۇرى).

"ئەلھەدىد" نىڭ ئەبجەد ھىسابى 57 دۇر (ئاتوم ئېغىرلىقى).

ئەمدى تۆمۈرنىڭ "چۈشۈرۈلگەن" لىكى ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز مۇلاھىزە قىلىمىز:

***"تۆمۈر چۈشۈرۈلگەن" بولسا قەيەردىن چۈشۈرۈلگەن؟***

---

① قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە "ياراتتۇق" مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنغان. (بۇ تەرجىمە ماھىيەتلىك خاتاغا ئېلىپ بارىدۇ)

قۇياش ماسسىسىدىكى كۆپ مەرتە ئىئونلاشقان تۆمۈر، كالتسىي، ماگنىي،... لارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، ئۇندىن باشقا پروتون ۋە ئېلېكترونلارنىڭ چېچىلىپ تۇرۇشىدىن پەيدا بولىدىغان "قۇياش شامىلى" دەپ ئاتىلىدىغان ئېقىمنىڭ يەر بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشلىقى كۆندىلىك تەجرىبىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا؛ قۇياش ھەركىتىنىڭ يەردىكى ئەڭ كىچىك زەررىلەردىن – ئېلېكترونلاردا ئەكس ئېتىشىمۇ يەر شارى بىلەن قۇياشنىڭ "تۇغقانچىلىق" مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلايدۇ. يەر شارىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە قىزىق چوغ ماسسىسىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ۋە كېيىنچە سوۋۇغانلىقى ھېلىمۇ يەر مەركىزىدە مەۋجۇت تۇرىۋاتقان لاۋادىن مەلۇم. بۇ ھال – يەرشارى، ئاي ۋە قۇياش سىستېمىسىدىكى باشقا سەييارىلەر قۇياش ماددىسىدىن پەيدا بولغان دېگەن پەرەزگە ئاساس بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە ھاسىلكى، "تۆمۈر چۇشۇرۇلگەن"، ئۇ بىر پارچە چوغ سۇپىتىدە قۇياشتىن چۇشۇرۇلگەن.

ھازىرقى زامان كائىنات ئىلمىدىكى Big Bang[1] نەزەرىيىسىمۇ كائىناتنىڭ قاتتىق پارتلاش نەتىجىسىدە پەيدا بولغانلىقىنى (سەييارىلارنىڭ ئوخشىمىغان چوڭلۇقتا، ئوخشىمىغان ئۇزاقلىقتا بولۇشلىرى پارتلاش نەتىجىسىدە بولىدىغان "چېچىندىلار" ھالىتىدە ئىكەنلىكى) قەيت قىلماقتا. بۇنداق بىرلا پارتلاش بىلەن ھاسىل بولۇش ئەلۋەتتە بىر بۇيرۇق–"ۋۇجۇتقا كەل!"[2] – نىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. GOBE ھەمراھىنىڭ ئۇزاق ئالەم بوشلۇقىدىن يوللىغان رادىئاتسىيە خەرىتىسى 15 مىليارد يىل ئاۋال كائىناتنىڭ "ۋۇجۇتقا كەل!" ئەمرىگە بىنائەن پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. بۇ پەيدا بولۇش شاۋقۇنىنىڭ ئەكس ساداسى رادىئاتسىيە ھالىدا ئۇقۇلغان ۋە مىكرو دولقۇن شۇ دەرىجىدە ئېنىق، توسالغۇسىز رادىئاتسىيە ئىدى. بۇ تېما ئۇستىدىكى تەتقىقات گۇرۇپپىسى باشلىقى GEORGE SMOOT بۇ

---

[1] Big Bang (چوڭ پارتلاش) – ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى يېڭى نەزەرىيە.

[2] بۇ قۇرئانى كەرىمدە ئاللاھ كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان ئىلاھىي بۇيرۇق بولۇپ، بەزى تەرجىمىلەردە «بول!» دەپ ئېلىنغان.

خەرىتىلەرنى كۆرۈپ: ”بۇ مەنزىرىگە قارىغانسىرى ئاللاھنى كۆرگەندەك بولىۋاتىمەن!“ دېگەن. سانتاگرۇز ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ژوئېل پىرىماسك بولسا بۇ خەرىتىلەرنى:” God’s Handwring“ (ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ دەلىلى) دەپ تەرىپلىدى... بۇلاردىن شۇنداق رۇشەن بىر تەسەۋۋۇر ھاسىل بولىدۇكى، مىليارد يىللار مۇقەددەم ئەنە شۇ كاتتا پارتىلاشتا چېچىلىپ كۆكتىن چۈشكەن بىر پارچە چوغ ھالەتتىكى چېچىندا بىزنىڭ يەر شارىمىز ئىكەن-دە! بۇنىدىن باشقا مىتېئورىتلارنىڭ ئاساسى تەركىۋىنىڭمۇ تۆمۈر ئىكەنلىكى بۇنى تېخىمۇ تەستىقلاپ تۇرماقتا.

”ۋۇجۇتقا كەل!“ بۇيرۇقى ھەققىدە ئاللاھنىڭ كىتابىدا تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە بېقىڭ:

**”ئاللاھ ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا ‹ۋۇجۇتقا كەل› دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ“** (سۈرە ”بەقەرە“ 117- ئايەت).

**”... پەرىشتە: «ئاللاھ خاھلىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ. بىرەر ئىشنىڭ بولىشىنى ئىرادە قىلسا ‹ۋۇجۇتقا كەل› دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ»“** (سۈرە ”ئال ئىمران“ 47- ئايەت).

**”بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولساق ئۇنىڭغا ‹ۋۇجۇتقا كەل› دەيمىز ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ“** (سۈرە ”نەھىل“ 40- ئايەت).

**”ئاللاھ بىرەر شەيئىنى** (يارىتىشنى) **ئىرادە قىلسا ئۇنىڭغا ‹ۋۇجۇتقا كەل› دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ“** (سۈرە ”ياسىن“ 82- ئايەت).

**”ئاللاھ تىرىلدۈرۈشكە ۋە ئۆلتۈرۈشكە قادىر. ئۇ بىرەر ئىشنى** (قىلىشنى) **ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا ‹ۋۇجۇتقا كەل› دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ“** (سۈرە ”غافىر“ 68- ئايەت).

مانا بۇلار قۇرئانى كەرىم مۆجىزىلىرىدىن بىرنەچچە مىسال بولۇپ، يەنە ئىككى ئايەتنى دىققەتكە ھاۋالە قىلىش بىلەن چەكلىنىمىز:

**”قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭدا شەك يوق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى** (بۇنىڭغا) **ئىشەنمەيدۇ“** (سۈرە ”غافىر“ 59- ئايەت).

بۇ ئايەتتە كەسكىن ھۆكۈم قىلىنغان ھەقىقەت ئۇستىدە نۇرغۇن ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. يەر شارى راستىنلا گۇمران بولارمۇ؟ ئۇنى قانداق كۈچ گۇمران قىلىۋېتەر؟ بۇ سوئاللار ئەسىرىمىزدە نۇرغۇن ئادەملەرنى ئىككىلەندۇرمەكتە. 16- ئەسىردە فرانسىيىدە ياشىغان ناسترا داماس يازغان «بېشارەتلەر» ناملىق سىرلىق داستان "قىيامەت" ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ سىرلىق بېشارەت كىتاپ 16- ئەسىردىن تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئاز كەم 500 يىل ئىچىدە بولىدىغان زور ۋەقەلەردىن ۋە ئاخىرىدا قىيامەتتىن بېشارەت بەرگەن بولۇپ، مۇشۇ ئەسىردە بۇ كىتاپنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى (چۈنكى بۇ كىتاپتا دېيىلگىنى بويىچە بولغاندا بۇ ئەسىر قىيامەت بولىدىغان ئەسىرمىش، قىيامەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بولارمىش). بەزى ئالىملار 20~30 يىللىق ئۆمرىنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلىپ قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى دۇنياغا جاكالىدى. ۋاھالەنكى، بۇ 1400 يىلدىن بېرى قۇرئانى كەرىمدە بار گەپتۇر. ناسترا داماسنىڭ بېشارەتلىرى ھازىرغىچە % 99 لىك توغرىلىق بىلەن راست شۇنداق بولغانلىقى قەيت قىلىنماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان جاكالانغان بىر ھەقىقەت ئۇستىدە بارىدۇ.

**"بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ** (قۇرئاننىڭ) **راستلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر"** (سۈرە "ساد" 88 - ئايەت).

بۇ ئايەتتە دېيىلگەن ھەقىقەت بۈگۈن ھەممىمىزنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولماقتا. ئالىملار كومپيۇتېرلارنى ئىشقا سېلىپ بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ.

***ھەزرىتى مۇھەممەد (س. ئە. ۋ) گە ئائىد بېشارەتلەر***

قۇرئانى كەرىمنىڭ سۈرە "شۇئەرا" 196- ئۆيتىدە: **"ھەقىقەتەن قۇرئان ئىلگىركىلەرنىڭ كىتاپلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان"** دېيىلگەن.

خۇددى شۇنداق، مىلادىدىن بۇرۇنقى 6- ئەسىردە (2500 يىل بۇرۇن) ھۆكۈم سۈرگەن زەردۇشت دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «زېند – ئاۋېستا» دا "ئالەملەرگە رەخمەت" بولغان بىر بۇت دۈشمىنىنىڭ كېلىدىغانلىقى يېزىلغان.

### ***قەدىمقى ئىران مۇقەددەس تېكىستلىرىدىكى بىشارەتلەر***

ئىران دىنى – ھىند دىنىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمىي دىنى ئىدى. مۇقەددەس يازمىلىرى «دېساتىر» ۋە «زېند – ئاۋېستا» ناملىق ئىككى مەنبەدە توپلانغاندۇر. بۇلاردىن «دېساتىر» نىڭ 14- نومۇرىدا ئىسلام دىنىغا ئائىت بەزى پىرىنسىپلار تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە پەيغەمبىرىمىز (س. ئە.ۋ) نىڭ كېلىدىغانلىقىغا دائىر يىپ ئۇچى بايان قىلىنىدۇ:

**”ئىرانلىقلارنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى تۆۋەنلىگەندە ئەرەبىستاندا بىر نۇر تۇغۇلىدۇ، ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ تەختىنى، دىنىنى ۋە ھەر شەيئىسىنى يۇكسە لدۇرىدۇ. بىر بىنا بەرپا قىلىنغانىدى** (كەبىگە ئىشارە قىلىنىدۇ) **ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ئېلىپ تاشلىنىدىغان نۇرغۇن بۇتلار بارىدى. خەلق ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئەگەشكۈچىلىرى ئىران، تائۇس ۋە بەلىخ شەھەرلىرىنى ئىشغاال قىلىدۇ ۋە ئىراننىڭ نۇرغۇن بىلىملىك كىشىلىرى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قوشۇلىدۇ ...“.**

يوقۇرىدىكى قۇرلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئەسىرلەردىن كېيىن تۇغۇلىدىغان ئىسلام قۇياشى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى يوقۇرى دەرىجىدە ئوچۇق بىر شەكىل بىلەن تەرىپ قىلىنغاندۇر.

بۇ كىتاپنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇت بولغان قىسىملىرىدىن ”ياشت – 13“ نىڭ 129- بۆلۈمىدە ئەينى ھەقىقەتلەر يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە بۇتلارنى چاقىدىغان زاتنى ”ھەركىمگە ۋە ئالەملەرگە رەھمەتتۇر“ دەپ تىلغا ئالىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر ئىسمى ”رەھمەتۇل ئالەمىن (ئالەملەرگە رەھمەت)“ تۇر.

### ***ھىند مۇقەددەس تېكىستلىرىدىكى بىشارەتلەر***

«پارۇ – 8»، «قائىد – 8»، «ئەدھىيا – 8» ۋە «شالۇك – 5~8» قاتارلىق ھىند مۇقەددەس تېكىستلىرىدە پەيغەمبىرىمىز (س. ئە. ۋ) ھەققىدە شۇنداق بايانلار بار:

**”ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر چەت دۆلەتلىك** (چەت تىلدا سۆزلەيدىغان) **روھى تەربىيىچى كېلىدۇ ۋە ئىسمى مۇھەممەد بولىدۇ. ئۇنىڭ**

**كىلىشىدىن كېيىن راجا پانكاكۋايا ۋە گانگ دەريالىرىدا يۇيۇنىدۇ... ئۇنىڭغا دېيىلىدۇ: ئەي سەن، ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئىپتىخارى، ئەرەپ ئۆلكىسىنىڭ تېنچلىقى، شەيتاننى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن بۈيۈك بىر كۈچ توپلىدىڭ ...»** [①].

يۇقۇرىدىكى ئىپادىلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ خاس ئىسمىنىڭ ئەينەن بايان قىلىنىشى بەكمۇ دىققەتنى قوزغايدۇ. شۇ قۇرلادىكى «ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئىپتىخارى» ئاتالغۇسى بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ «فەخرى ــ ئالەم» دېگەن ئىسمى بىلەن ئوخشاشتۇر .

بۇددا (ساكيامۇن) ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن دۇنياغا شەرەپ كەلتۈرىدىغان بىر كىشى ھەققىدە توختالغان. Pali(پالى) تىلىدا ئىسمى «ماتتېيا»، سانسكرتچىدا «مائىترېيا»، بېرماچىدا بولسا «ئارېمىدا»سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ كىشى مۇلايىم ۋە ياخشى كۆڭۈللۈك بولۇپ، ئىنسانلارنى توغرا يولغا چاقىراتتى. بۇندىن ئۆزۈن يىللار بۇرۇن بېرىلگەن بۇ مەلۇماتلاردا تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسى «رەھمەت» دېمەكتۇر. خۇددى شۇنداق، قۇرئانى كەرىم سۈرە «ئەنبىيا» 107- ئايەتتە:

«**بىز سېنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق**» دېيىلگەن.

يوقۇرقى يازمىلارنىڭ بىرىدە شۇنداق دېيىلگەن:

«**بۇددا شۇنداق دېدى: 'مەن دۇنياغا كەلگەن تۇنجى بۇددا** (يول كۆرسەتكۈچى) **ئەمەسمەن، ئاخىرقىسىمۇ ئەمەسمەن. مەلۇم بىر زاماندا دۇنياغا بىر كىشى كېلىدۇ. ئۇمۇ ئوچۇق - يورۇق ۋە ئىدارە قىلىش جەھەتتە پەۋقۇلئاددە قابىلىيەتلىك بولغان بىرىدۇر. ئۇ مەن سىزلەرگە ئۆگەتمەكچى بولغان ئەبەدىيلىك ھەقىقەتنى ئۆگىتىدۇ...'**».

«ئاناندا (كىشى ئىسمى) سورىدى:

«ئۇ قانداق بىلىنىدۇ؟

«بۇددا جاۋاپ بەردى:

---

① (Athor veda, kanda 20, Sukta 127, Montra 3) ــــ ئەسلى مەنبەدىكى ئىزاھ

"**ئۇ مائىترېيا** (رەھمەت) **بولۇپ بىلىنىدۇ**".

پالى ۋە سانسكرت يېزىقىدىكى تېكىستلەردە كەلگۈسىدە كېلىدىغان ئۇ ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئىسىملىرى "ماخۇ"، "ماخا" ۋە "مېتتا" شەكلىدە كەلگەن. بۇ ئىسىملاردىن ئالدىنقى ئىككىسى "ئۇلۇغ ئايددىڭلاتقۇچى" كېيىنكىسى بولسا "ئىنايەتلىك" مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇلاردىن ھەر ئىككىسىلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. ئىشقىلىپ، دىققەت قىلىنسا باشقا مۇقەددەس تېكىستلەردە ئۇچرايدىغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ خاس ئىسمىنى كۆرسىتىدىغان "مۇخامەت" ئىسمىنىڭ "ماخا" ۋە "مېتتا" كەلىمەلىرىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ[1].

***بارناباس ئىنجىلىدا مۇھەممەد (س. ئە. ۋ) نىڭ ئىسمى ئۇچرايدىغان ئايەتلەر:***

ھەزرىتى ئىيسا (ئە. س) دىن 300 يىلچە كېيىن ئىزنىكتە توپلانغان بىر ھەيئەت شۇ چاغقا قەدەر ھەممىسى بىر - بىرىدىن پەرقلىق شەكىلدە يېزىلغان ئىنجىللاردىن 396 سىنىڭ ئوقۇلۇشىنى چەكلىدى ۋە بۇلارنىڭ ئارىسىدىن خۇسۇسەن بارناباس ئىنجىلىنى ئوقۇغانلارنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. بۇ ئىنجىل ھەزرىتى ئىسانىڭ ياردەمچىلىرىدىن ماركوسنىڭ جىيەنى بارناباس تەرىپىدىن يېزىلغاندۇر. ئەينى زاماندا پاۋلوسنىڭ ساۋاقدىشى بولغان بارناباس مىلادى 63- يىلى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىنجىلى ئىبرانىچەدۇر. كۈنىمىزگە يېتىپ كەلگەن نۇسخىسى بۇرمىلانغان بولىشىغا قارىماي، باشقا ئىنجىللارنىڭ ئەكسىچە ھەزرىتى ئىسا (ئە. س) نىڭ نە ئىلاھلىقى، نە كىرستقا مىخلانغانلىقى يېزىلمىغان، بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ھېچبىر ئىپادە كۆرۈلمەيدۇ.

بارناباس ئىنجىلى ھازىر ۋېنا مىللى كۇتۇپخانىسىدا، ئامېرىكا كونگېرسى كۇتۇپخانىسىدا ۋە بېرىتانىيە مۇزىيىدا ساقلانماقتا. لېكىن، ھازىرغىچە ھېچكىمگە كۆرسىتىلمەيۋاتىدۇ، تەتقىقاتچىلار ئۇچۇن پىنھان تۇتۇپ

---

[1] Muhammed in Parsi, Hindo and Budhist Scriptuers New Delhi 1983.—— ئەسلى مەنبەنىڭ ئىزاھى.

كېلىنىۋاتىدۇ. پەقەت پاكىستانلىق گېنىرال ئابدۇرەھىمنىڭ يوشۇرۇن ھالدا مىكرو لېنتىغا سۈرەتكە ئېلىشى بىلەن قولغا چۈشۈرۈلگەن بارناباس ئىنجىلى ئېنگىلىزچە تەرجىمە قىلىنىپ ” Pakistan Begum Aisha Bawan “ ۋەقفى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىپ پۈتۈن دۇنياغا ئۇقتۇرۇلغاندى. ئاخىرقى ئىزاھلاردىن كېيىن بۇ ئىنجىلنىڭ نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇن تۇتۇلغانلىقى ۋە يوق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇلغانلىقى چۈشىنىلدى. ئىنجىلنىڭ نۇرغۇن يېرىدە پەيغەمبەر (س. ئە. ۋ) نىڭ كېلىدىغانلىقى ناھايىتى بۇرۇنلا مەلۇم قىلىنغان ۋە ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ئوخشاش باشقا ھەرخىل بۇرمىلانمىغان چۈشەنچىلەر بار.

بارناباس ئىنجىلىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن بۆلۈم (سۈرە) لىرىدە ۋە ئايەتلىرىدە ھاتەمۇل ئەنبىيا سۈپىتىدە پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد (س. ئە. ۋ) نىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىسمىلىرى زىكرى قىلىنىدۇ. ”مۇھەممەد“ ئىسمى ئىنجىلنىڭ شۇ بۆلۈم (سۈرە) ۋە ئايەتلىرىدە ئۇچرايدۇ:

35- سۈرە (بۆلۈم) 8- ئايەت؛

43- سۈرە (بۆلۈم) 9- ئايەت؛

54- سۈرە (بۆلۈم) 4-، 10-، 21- ۋە 23- ئايەتلەر؛

55- سۈرە (بۆلۈم) 4-، 7-، 8-، 16-، 18-، 23-، 24-، 34-، 35-، 36-، 37- ئايەتلەر؛

56- سۈرە (بۆلۈم) 3- ۋە 4- ئايەتلەر؛

58- سۈرە (بۆلۈم) 22- ئايەت؛

90- سۈرە (بۆلۈم) 3~4- ئايەتلەر؛

97- سۈرە (بۆلۈم) 7-، 14-، 15-، 18- ئايەتلەر؛

112- سۈرە (بۆلۈم) 17- ئايەت؛

136- سۈرە (بۆلۈم) 9-، 12-، 14- ۋە 18- ئايەتلەر؛

137- سۈرە (بۆلۈم) 1-، 4- ۋە 6- ئايەتلەر؛

158- سۈرە (بۆلۈم) 24- ئايەت؛

176- سۈرە (بۆلۈم) 7- ئايەت؛

190- سۈرە (بۆلۈم) 7- ئايەت؛
195- سۈرە (بۆلۈم) 8- ئايەت.
ئىبرانىچە "مۇھەممەد" مەنىسىدە كېلىدىغان "مەسسىيەن" كەلىمىسى بارنابا ئىنجىلىدا شۇ ئايەتلەردە ئۇچرايدۇ:
82- بۆلۈم (سۈرە) 1-، 10- ۋە 13- ئايەتلەر؛
83- بۆلۈم (سۈرە) 25- ئايەت؛
86- بۆلۈم (سۈرە) 6- ئايەت؛
112- بۆلۈم (سۈرە) 18- ئايەت؛
192- بۆلۈم (سۈرە) 6- ئايەت؛
206- بۆلۈم (سۈرە) 11- ئايەت.
بۇندىن باشقا تۆۋەندىكى بىشارەتلەرمۇ پەيغەمبىرىمىزگە ئىشارە قىلىدۇ:
55- بۆلۈم 4-، 7-، 16- ۋە 37- ئايەتلەردە "راسۇلە"؛ 55- بۆلۈم 18-، 23-، 24-، 35- ۋە 36- ئايەتلەردە: "راسۇلۇللاھ"؛
56- بۆلۈم 20- ئايەتتە: "ياھاللى"؛ 59- ئايەتتە: "مۇھەممەد ھەبىبۇللاھ" قاتارلىقلار.
بارناباس ئىنجىلىدىكى 72- بۆلۈم 24- ئايەتتە ھەزرىتى ئىسا (ئە. س) پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشىنى بىلدۈرۈپ شۇنداق دېگەن: "**ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى يېقىندا كېلىدۇ**". ئۇنىڭ كېلىشى ئىلاھى رەھمەت ۋە مەرھەمەت بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.
بارناباس ئىنجىلىنىڭ 40- بۆلۈم 30- ۋە 31- ئايەتلىرىدە جانابى ھەقنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتابەن: "**سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىمەن**" دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان.
141- بۆلۈم 16- ئايەت ۋە 208- بۆلۈم 7- ئايەتلىرىدە داۋۇد نەسلىدىن ئەمەس، ئىسمائىل نەسلىدىن مۇھەممەد ئىسىملىك بىر نەبىنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. 190- بۆلۈم 5- ئايەتتىمۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد (س. ئە. ۋ) نىڭ نەسەپ ئاتىسى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بارناباس ئىنجىلى 39- بۆلۈم 16- ۋە 24- ئايەتلىرىدە كائىناتنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد (س.ئە.ۋ) نىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. بارنابا ئىنجىلىدە ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى "ئەي، مەسىھ" دەپ چاقىرىشىغا قارىتا: **"مەن مەسىھ ئەمەسمەن، ھەقىقى مەسىھ – كېلىدىغان ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد** (س.ئە.ۋ) **دۇر**" دېگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ (96 - بۆلۈم 12- ئايەت). ھەزرىتى ئەيسا: **"ئەي، مۇئەللىم، دۇنياغا كېلىدىغانلىقىدىن خوش خەۋەر بېرىلىۋاتقان ئۇ زات كىم؟**" دېگەن سۇئالغا 97- بۆلۈمدە جاۋاپ بېرىپ شۇنداق دېگەن: **"مۇھەممەد رەسۇلىللاھتۇر**" ۋە شۇنداق داۋام قىلغان:

**"بۇ رەسۇل سىزنىڭ زامانىڭىزدىن كېيىن كېلىدۇ. ئۇ كەلگەن زاماندا مېنىڭ سۆزلىرىم بۇرمىلانغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇ زامان ئاللاھ ئىنسانلارغا ئېچىنىپ مەسىھنى ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە دائىم بىر ئاق بۇلۇت بولىدۇ. ئۇ كۈچلۈك بولىدۇ، بۇتلارنى چاقىدۇ. بۇتقا چوقۇنغۇچىلارنى زەربىگە ئۇچرىتىدۇ**" (163- بۆلۈم 7- ئايەت).

**"ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىنسانلار ئاللاھنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ. مېنىڭ ئىنساندىن باشقا مەۋجۇدات ئىكەنلىكىمنى سۆزلىگەنلەرگە رەددىيە بېرىدۇ**" (72- بۆلۈم).

بارناباس ئىنجىلىنىڭ 44- بېتىدە پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) نىڭ تەسەللىچى ۋە رەھمەت پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى شۇنداق بايان قىلىنغان:

**"سىلەرگە سۆزلەۋاتىمەن. ئۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلى پۈتۈن مەخلۇقاتقا رەھمەتتۇر. ئۇ دانا، تەسەللىچى، ھىكمەتلىك، قۇدرەتلىك، ئاللاھنىڭ ئىشقى ۋە قورقۇنچى بىلەن قەلبى تولغان، چەبدەس ۋە يۇمشاق روھلۇقتۇر. رەھمەت ۋە ياردەم سۆيەرلىك روھى، ئادالەت، باغرى يۇمشاق، نازاكەت ۋە سەۋر تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگەن دەۋرى سائادەت دەۋرىدۇر**".

يەنە شۇنداق دېيىلىدۇ:

**"مەن ئۇچۇن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ خىزمىتىگە ئۇلاشماق مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ مەندىن ئاۋال يارىتىلغان، مەندىن كېيىن دۇنياغا كېلىدۇ. دىنى ئەبەدىيلىك قالىدۇ"** (42- بۆلۈم 15- ئايەت).

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نوقتا شۇكى، بۇ يەردە ئۆتكەن بىر ۋاقە ھەققىدىكى ھىكايە ئەمەس، كەلگۈسى ۋاقەلەر ئۇچۇق ۋە توغرا بايان قىلىنغان.

***ئەبلا تابلىتلىرىدىكى بىشارەتلەر***

4500 يىللىق تارىخقا ئىگە "ئەبلا پادىشاھلىقى" تۈركىيە، مىسسوپوتامىيەنىڭ بىرقىسمى ۋە سۇرىيىنىڭ شام شەھىرىنىڭ جەنوبىغىچە بولغان بىر يەرنى ئۆز ئىچىگە ئاالغان كەڭ بىر پادىشاھلىق ئىدى.

بۇ جايلاردا 1975- يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارخىئولوگىيىلىك قېزىشلاردا 20 مىڭ دانە ئويما يېزىقلىق تابلىتتىن تەركىپ تاپقان زور تارىخى ھۆججەتلەر مەيدانغا كەلدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يېزىق مۇتەخەسسىسى – ئىتالىيان پروفىسور گىوۋاننى پىتتىناتو بۇ تابلىتلاردىكى يېزىقلارنى ئوقۇش ئۇسۇلىنى تاپتى ۋە ناھايىتى ئەجەپلىنەرلىك ئىزاھلارغا دۇچ كەلدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2500- يىللارغا ئائىت بۇ تابلىتلاردىكى يېزىقلاردا "ئابراھام (ئىبراھىم)"، ئىسمائىل ۋە داۋۇد ئىسمىدىكى موھىم شەخسلەردىن بايان بېرىلگەن. "سودۇم (سەدۇم)" ۋە گومۇرا قاتارلىق يەر ئاتلىرى بىلدۈرۈلگەن. سەدۇم ۋە گومۇرا قۇرئانى كەرىمدە بايان قىلىنغان لۇت قەۋىمى ھالاك قىلىنغان يەرنىڭ ئىسمىدۇر.

بۇلاردىن باشقا تابلىتلاردىن بىرىدە مىكائىل ئاتلىق بىر پەرىشتە ھەققىدە يېزىلغان. بۇمۇ قۇرئانى كەرىمدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان تۆرت چوڭ پەرىشتىنىڭ بىرىدۇر.

ئەبلا تابلىتلىرى تەۋراتنىڭ مۇسا (ئە. س) غا ۋەھىي قىلىنىشىدىن يەنە مىڭ يىل بۇرۇندۇر. بۇلاردىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، تەۋراتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئېھتىمالى بولمىغان بۇ تابلىتلاردىكى بۇ ئىسىم ۋە ئىزاھلار ئۇ زامان بىر ھەق دىنىنىڭ بولغانلىقىنى ئەڭ ئۇنۇملۇك ئىسپاتلايدۇ.

بۇنداق پاكىتلارنى مىڭلاپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. لېكىن، ئەمدى گەپنى قىسقارتىپ، جانلىقلار، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش مەسىلىسى ھەققىدە ماتېرىيالىستلار بىلەن دىن ھۆكمى ئارىسىدىكى تالاش-تارتىش – «يارىتىلىش ۋە تەدرىجى تەرەققى قىلىش» مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ماتېرىيالىستلار ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى يەھۇدى ئاڭ فورماتسىيىسىنى، يەھۇدىلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك پىلانى ئىچىدىكى ئاداققى غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئېھتىياجىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بارلىق دىنلارنىڭ يوقۇلۇشىدىن كېيىن يەھۇدى دىنىنى يېيىش نىشانىنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرىدىن بىرىدۇر. بۇ غايىنىڭ ئەسلى مەنبەسى تەۋراتتۇر. ھازىرقى زامان پەنلىرى تەدرىجى تەرەققىياتنىڭ ئىمكانسىزلىقىنى، جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىدا سەۋەبى يېتەرلىك بولمىغان تەسادىپىلىكنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، تۈرلەرنىڭ ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ئىلمىي يۇسۇندا، رەت قىلغۇسىز ئىلمىي دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلىماقتا. بۇ ھەقتە پەن ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي دەلىللەرنى سەھىپە ـ سەھىپە كۆچۈرۈش كىتابىمىزنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى بولمىغاچقا، قىسقىچە مەلۇمات بېرىش بىلەن چەكلىنىمىز.

دارۋىننىڭ ئاتالمىش «تەدرىجى تەرەققىيات» نەزەرىيىسىنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن ياساپ چىققان سۇنئىي قۇش ئىسكىلىتى تاشقى دۇنيا ئۈچۈن سىر ئەمەس، پەقەت ۋەتىنىمىزدىلا كوممونىستلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا پىكىر ھۆررىيىتى، ئاخبارات ئەركىنلىكى بولمىغاچقا بۇ ساختىپەزلىكنىڭ مېزى چوۋۇلماي، ئالدامچىلىق رولىنى جارى قىلىپ كەلمەكتە!

… بېلىقتىن پاقىغا ئايلىنىش، پاقىدىن پۈتۈنلەي قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئۆمىلىگۈچىگە ئايلىنىش،...  دېگەندەك «دەلىل» تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ «ئۈچ چوڭ دەلىلى» نىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭدىكى بېلىق – (Crossopterigian) ياكى يالپاڭ ئۈزگۈچلۈك بېلىق (coelacanth) نىڭ 340~400 مىليون يىللىق تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىتى بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل

بىلىقنى نەسلى قۇرۇپ كەتتى (يەنى «تەدرىجى تەرەققى قىلىپ» ئۆمۈلىگۈچى باشقا جانلىقلارغا ئايلىنىپ كەتتى) دەپ بىلجىرلىغانىدى. بۇ بىلىق 1939-يىلى جانلىق ھالەتتە ماداغاسقار ئارىلى ئەتراپىدىن تۇتۇلۇپ، دارۋىنچىلارنى بەك ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئامېرىكىدا چىقىدىغان بىر ژورنال شۇنداق يازىدۇ: «مىليون يىللار بويىچە يالپاق ئۈزگۈچلۈك بىلىق (coelacanth) لار ئەينى شەكىل ۋە قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ كەلمەكتە. تەدرىجى تەرەققىياتنىڭ ئەڭ چوڭ سىرلىرىدىن بىرسى مانا شۇ ئىدى»[1]. بۇلاردىن باشقا 1955-يىلىغىچە يەنە 50 قېتىم بۇ خىل بىلىق تۇتۇلدى.

دارۋىنچىلارنىڭ ئىككىنچى دەلىلى ھايۋانلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىدا «ئۆمۈلىگۈچىلەردىن قۇشلارغا ئايلىنىش» تا «ئارىچى» سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ئاركيوپېتېرىكس (Archaeopteryx)نىڭ 135 مىليون يىللىق ئىسكىلىتى 1877- يىلى بايىرىندىن تېپىلىپ، بۇ «دەلىل» نىڭمۇ مىزى چۈۋۈلدى.

ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى «دەلىل» ى «ئىت چوڭلىقىدىكى ئىت تاپانلىق ئاتلارنىڭ تەدرىجى تەرەققى قىلىپ توم تۇۋاقلىق ۋە بوگۈنكىدەك ئېگىز بويلۇق ئاتقا ئايلىنىشى» بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق «تۇر ئۆزگىرىشى» گە كىچىك باللارمۇ ئىشەنمىسە كېرەك!...

ھايۋانلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىدا «ئارىلىق دەۋر» (ياكى ئارىچى جانلىق) بولغىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىدىمۇ ئاتالمىش مايمۇنسىمان ئادەمدىن ئىبارەت ئارىچى بولغانلىقىدىن لاپ ئاتىدىغان دارۋىنچىلار ئافرىقىدىن تېپىلغان 2.6~1.8 مىليون يىللىق ئاتالمىش «ئافرىقا ئادىمى» (ئاۋۇستىرالوفىتېكۇس ــ Australopithecus) نىڭ باش سۆڭىكىنى دەلىل قىلىپ يۈرۈشكەنىدى. «ياۋا ئادىمى» ۋە «پېكىن ئادىمى» مۇ

---

[1] acques Millot “the Coelacanth” Scientific American, Vol. 193 (December 1955)ــ ئەسلى مەنبەنىڭ ئىزاھى.

بۇ ئاتالمىش «دەلىل» لەرنىڭ جۇملىسىدىن ئىدى. بۇلارنىڭ ساختىلىقى، بەزىلىرىنىڭ ھەرخىل جانلىقلارنىڭ سۇڭىكىدىن قۇراشتۇرۇلغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ چىشى كېيىنكى ئېنىقلاشلاردا ياۋا چوشقىنىڭ چىشى بولۇپ چىققانلىقى؛ «پېكىن ئادىمى» نىڭ «دەلىل» قىلىپ غىل ـ پال كۆرسىتىلىپلا ساختىلىقى چانماسلىقى ئۇچۇن يەنە شۇ دارۋىنچىلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن يوقۇتىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا تەپسىلى توختۇلۇش ھاجەتسىز. پەقەت، ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى ئەجداتى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىۋاتقان Australopithecus (ئاۋۇستىرالوفىتېكۇس) تىنىمۇ 200 مىڭ يىل بۇرۇن ئەينى بۇگۈنكى ئادەملەرگە ئوخشاش چوڭ مېڭىگە ۋە تەققى ـ تۇرقا ئىگە بولغان «1470 سكۇلل (SKULL) ئادىمى» ۋە بۇ باش سۆڭەكنىڭ تېپىلىشى دارۋىنچىلارنىڭ ئىۋولۇتسىيە نەزەرىيىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىغانلىقىغا دائىر ئېنىقلىمىلاردىن بىرنەچچە قەترە مىسال بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

«1470 Skull ئادىمى» –1972- يىلى رىچارد لېيكىي (Richard Leakey) تەرىپىدىن كېنىيەنىڭ تۇركانا ئەتراپىدىكى رۇدولف كۆلى بويىدىن تېپىلدى. بىر باش سۆڭىكى ۋە شۇ باش سۆڭەككە تەۋەلىكى تەخمىن قىلىنغان پاچاق سۆڭىكىدىن ئىبارەتتۇر. يېشى 2 مىليون 800 مىڭ يىل دەپ پەرەز قىلىنماقتا.

2.8 مىليون يىللىق خوموساپىيېنس (Homosapiens) خاراكتېرلىق بۇ باش سۆڭىكى ھەققىدە مەشھۇر ئانتروپولوگ رىچارد لېيكىي شۇنداق دېدى: «يا بۇ باش سۇڭىكىدىن ۋاز كېچىشىمىز ياكى ئىنسان ھەققىدىكى بۇرۇنقى تېئورىلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ‹دەسلەپكى مودېللىرى› نىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدۇ. باش سۆڭەكنىڭ چوڭ ھەجىمدىكى (چوڭ) مېڭىگە ئىگە بولۇشى دەسلەپكى ‹ئىنسان

ئىسكىلىتلىرى، نىڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا قارىتا بەلگىلىك بىر رەت تەرتىپ بىلەن تىزىلىشىنى يوققا چىقارماقتا[1]. »

«بۇ تېپىلمىلار ھەققىدە لېيكېي ۋە تەتقىقاتىنىڭ يەنە بىر مەسئۇلى گلىنن ئىساك (Glynn Isaac) شۇنداق دېدى: "شۇ ئاندا قولىمىزدا بۇندىن 2.5 مىليون يىل ئاۋۋال شەرقى ئافرىقىدا ياشىغان، چوڭ مېڭىلىك، پۈتۈنلەي ئۆرە ھالدىكى ئىككى ئاياق بىلەن يۈرگەن بىر خومو (Homo) تىپىنىڭ ئاۋۇسترالوپىتېكۇس Australopithecusبىلەن ئەينى دەۋردە مەۋجۇت بولغانلىقىنى سۆزلەشكە يېتەرلىك دەلىل تۇرۇپتۇ. بۇ بىلىملەر قارشىسىدا تەبىئىكى، ئاۋۇسترالوپىتېكۇس 'ئەجدات تىزىمى' مىزدىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ[2] .»

«1470 Skull» باش سۆڭىكىنى تاپقان رىچارد لېيكېينىڭ ئىپادىلىگىنىدەك، باش سۆڭىكى دارۋىنچىلار ئىلگىرى سۈرگەن «ئىنسانلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتى» قارىشىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

«بۇ باش سۆڭىكى ئېۋولۇتسىيەچىلەرنىڭ قارىشىچە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمى ئاتىسى دەپ تونۇلغان، 1.8~2.6 مىليون يىللىق، مېڭە ھەجىمى 500$^{cc}$بولغان Australopithecusلاردىن ئەڭ ئاز بولغاندا 200 مىڭ يىل بۇرۇن، مېڭە ھەجىمى 300$^{cc}$چوڭدۇر. باش سۆڭىكى كۆرۈنۈش ئېتىبارى بىلەن بۈگۈنكى ئىنسان باش سۆڭىكىدىن ھېچ پەرقسىز.»

«ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاتىسى دەپ تونۇلۇۋاتقان، ئەمما مايمۇن ئالاھىدىلىكى بىلىنىپ تۇرغان Australopithecusلار ياشىغان دەۋرلەردىن تېخىمۇ قەدىمقى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇ: ئىنسانلار تەدرىجى تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرۈپ بۈگۈنكى

[1] Leakey R.E. National Geographic Vol. 143 s. 198 (1973) ــ ئەسلى مەنبەدىكى ئىزاھ.

[2] ئالدىنقى ئىزاھقا قاراڭ ـــ ئا.

هالەتكە كەلگەن ئەمەس، ئەكسىچە هايات سەھنىسىدە باشتىنلا شۇ هالەتتە پەيدا بولغان.»

«بىلىم خەۋەرلىرى» (Science News) ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان «Skull1470» ئادىمىگە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلاردىن نەقىل كەلتۈرسەك مەسىلىنى ئوچۇقراق كۆرۈۋېلىشقا پايدىسى تېگىشى مۇمكىن:

«لېيكېي، بۇ باش سۆڭىكىنىڭ پۈتۈن شەكلى هازىرقى زامان ئادىمىنى ئەسلىتىدىغانلىقىنى، Homo Eretus نىڭكىدەك بۆرتۈپ چىققان قاپاق ۋە تومسۆڭەك خاراكتېرىنىڭ بۇ ئىسكىلىتتا تېپىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.»

«تېخى نام بېرىلمىگەن ئىسكىلىتقا قوشۇمچە بولۇپ، يەنە ئىككى ئاياق سۆڭىكىمۇ تېپىلدى. بۇ ئىسكىلىتلار ئىنسانلارنىڭ ئىككى ئاياق ئۈستىدىكى هەرىكەتلىرىنى هەيران قالارلىق بىر هالەتتە 2.5 مىليون يىل بۇرۇنلا باشلىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.»

«سمىتسونىان (Smithsonian) ئىنىستىتۇتىنىڭ فىزىكىلىق ئانتروپولوگى م. ج. لاۋرېنس ئانگېل (M. J. Lawrance) بۇ هەقتە شۇلارنى دېدى: ‹بۇنىڭ مەنىسى، ئاتىلىرىمىزنىڭ 2.5 مىليون يىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنى (تاش قۇراللار) قوللۇنۇش جەهەتتە Australopithecus تىن يېتەرلىك دەرىجىدە پەرقلىق هالغا كەلگەنلىكى بولۇپ، ئىككىلا گۇرۇپنىڭ ئەينى جايدا بىرلىكتە ياشىغانلىقىدۇر. بۇ بەزى ئانتروپولوگلار ئۈچۈن قوبۇل قىلغۇسىز ئىشتۇر. چۈنكى ئىۋولوتسىيە تورىسى ئوخشاش مۇهىت ۋە ئوخشاش ئېكىلوگىك ئېهتىياجلارغا ئىگە ئىككى ئوخشىشىدىغان گۇرۇپنىڭ بىر جايدا ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىرى يەنە بىرىنى تېزدىن يۇتىۋېتىدۇ ۋە تۈرلەر تەرەققىياتى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغىنى بىلەن داۋام قىلىدۇ. لېيكېينىڭ چۈشەندۈرىشى بويىچە بولسا بۇ گۇرۇپپىلار بىر مىليون يىلدىن ئارتۇقراق بىللە ياشىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە›[①]. »

---

[①] Science News, Vol 102 November (1972) s. 324 — ئەسلى مەنبەدىكى ئىزاھ

«يوقۇرىدىكى ئېۋولۇتسىيىچى ئالىملارنىڭ ئىزاھلىرىدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، 2.5 مىليون يىل ئەۋۋەل ئەڭ ئاخىرقىسى ھىساپلانغان ئىنسان ئاتىسىمۇ تامامەن ئۆرە ھالدىدى ۋە ئۆرە يۈردى. ئۈستۈن ئەقىلگە ۋە مۇئەييەن مەدەنىيەتكە ئىگىدى (مەسىلەن: تاش قۇراللار). بۈنىڭدىنمۇ ئەۋۋىلى ھازىرچە تېخى ئوتتۇرغا قويۇلمىدى. شۇ ئاندا قولىمىزدا بار بولغان ئىسكىلىتلارغا كۆرە شۇنى قەتئىيەن ئېيتالايمىزكى: ئىنساننىڭ ئەڭ قەدىمقى ئاتىسىمۇ بۈگۈنكىدىن پەرقسىز ئىدى. ئېۋولۇتسىيىچىلەرنىڭ بىلجىرلىغىنىدەك مايمۇندىن تەدرىجى تەرەققى قىلغان ئەمەس.»

خۇلاسە: ئىسكىلىتلار ھەققىدە دارۋىنچى گ. ئا. كېركۇت G. A. Kerkut شۇنداق دەيدۇ: «ئېۋولۇتسىيە تېئورىسى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم دەلىل پانتولوگىك خىزمەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرگەنلىرىدۇر...[1] .»

«ياق، ئېۋولۇتسىيە ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم دەلىل ئىسكىلىتلاردۇر. جانلىقلارنىڭ تاق ھۈجەيرىدىن ئىنسانغىچە بولغان تەدرىجى تەرەققىيات سەپىرىدە، تۈردىن ـ تۈرگە ئۆتۈشتە ‹ئارىچى› ئىسكىلىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن ئېۋولۇتسىيەنى ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ.»

«ئېۋولۇتسىيىچىلەرنىڭ ھايۋانلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىدا ئىلگىرى سۈرگەن ئۈچ ئاساسى دەلىلى بولمىش Archaeopteryx, Crossopterygiens (Coelacanth)ۋە ئاتلارنىڭ ’تەرەققىيات رېتى‘ بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىدىنمۇ Australopithecus Robustus, (zinjantropus) Australopithecus Africanus, Homo Erectus، (ياۋا ۋە پېكىن ئادىمى) ۋە Neandethalئادىمى شۇنىڭ ئوخشىشىدۇر. ئېۋولۇتسىيەنى ئىزاھلىماقچى بولغان بارلىق ئاساسى ئەسەرلەردە بۇ ‹دەلىللەر› گە يولۇقىمىز. يوقۇرىدا بۇلارنىڭ ئېۋولۇتسىيەگە دەلىل بولالمايدىغانلىقىنى ئىلمى نوقتىدىن ئىزاھلىدۇق.»

---

[1] G. A. Kerkut Implications of ewolutionOxford, pergoman Press (1960) S. 134ـــ ئەسلى مەنبەدىكى ئىزاھ

«بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تېپىلغان بارلىق ئىسكىلىتلار بۈگۈنكى هالىتى بىلەن پۈتۈنسۇرۇك هالدا نامايان بولماقتا. هېچبىر كەمتۈك ياكى ‹ئارىچى› (ئۆتۈشمە) فورمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسكىلىتلار ئۇچرىغىنى يوق.»

« T. Nevhle نىڭ ئىزهار قىلغىنىدەك، يېتەرلىك ساندا ئىسكىلىت تېپىلدى. پەقەت، بۈگۈنگىچە ‹ئارىچى› ئىسكىلىتلار تېپىلغىنى يوق. بۇندىن كېيىنمۇ تېپىلىش ئېھتىمالى ئىمكانسىز دېگۈدەك ئازدۇر. ئېنىق ئېيتالايمىزكى، ئىسكىلىتلار ئېۋۇلۇتسىيە نەزەرىيىسىنى ئىسپات قىلىشنىڭ ئەكسىچە، مات قىلىش، ئېۋۇلۇتسىيىنىڭ ئەقلىغە سىغمايدىغان بىمەنىلىكىنى ئىسپات قىلىش رولىنى ئوينىماقتا.»

دارۋىنچىلارنى مات قىلىدىغان دەلىللەرنىڭ فوتو سۈرەتلىرى ۋە باشقا هۆججەتلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى بېرىشكە نەشىر ئىمكانىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى كەلگۈسىگە قالدۇرىمىز، ئىنشائاللاھ بىز بۇ هەقتە مەخسۇس ئەسەر يېزىپ، بۇ دەلىللەرنى شۇنىڭ بىلەن بىرگە نەشىر قىلىشىمىز مۇمكىن. هازىرچە بۇ هەقتىكى مۇنازىرىمىزنى توختىتىمىز.

ئىلمى نوقتىدا هېچ قانداق تايانچى قالمىغان ئېۋۇلۇتسىيە تىئورىسى توغرىدىن ـ توغرا تەشۋىقاتلار، ئىدىئولوگىيىلىك مەقسەتلەر دەستىگى بىلەن تۇرمۇشىمىزنىڭ هەرقايسى تەرەپلىرىدە مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ نەزىرىيىنىڭ چىقىش نوقتىسى بىئولوگىيە تۇرۇقلۇق، جەمئىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى هەققىدە ئىلگىرى سۇرۇلگەن ئىدىئاللىرى ۋە يارىتىلىش، دىن هەم ئەخلاق ساهەلىرىگە دۇشمەن بولغان بىرمۇنچە قاراشلارنىڭ مەنبەسى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن بەلگىلىك ساهەلەردە داۋاملىق كۈنتەرتىپتە تۇتۇلۇشقا ۋە بىر قانۇنغا ئوخشاش قوبۇل قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇلماقتا.

ئىرسىيەت قانۇنى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن بولسا ئېۋۇلۇتسىيەگە ياشاش زېمىنى قالمىدى، دېيىشمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئىرسىيەتنىڭ گېنلار هەققىدىكى تەكشۈرۈشلىرىدىن مەلۇمكى، قىزىلگۈل ئۇرۇقىدىن مەڭگۇ قىزىلگۈل ئۈنۈپ

چىقىدۇ؛ جاشقان چوقۇم چاشقان تۇغىدۇ! يا ئىرسىيەتنى يالغان دېمەك كېرەك، يا ئېۋۇلۇتسىيەنى!

دېمەك، دىن بىلەن پەن قارمۇ ـ قارشى ئەمەس. بۇ قارمۇ ـ قارشىلىق باتىل دىنلار بىلەن پەن ئارىسىدىلا مەۋجۇت. شۇڭا ئۇلار پەن ئالىملىرىنى چىركاۋغا قارشى دېگەن جىنايەت بىلەن جازالىغانىدى. خۇددى ئالىملىرىمىزدىن مۇسا جارۇللا دېگەندەك:

"ئەقلىنى ئېتىبارغا ئالماسلىق، ئەقىلنىڭ نوپۇزىنى چەكلەش، ئىلىم ـ مەرىپەتكە دۈشمەن كۆزى بىلەن قاراش، ئىلىم ئەھلىلىرىگە لەنەت ئوقلىرىنى ئېتىش، ھۆررىيەت يۈزىگە كۇفرى دېغىنى چاپلاشتەك... ئۇنداق جۇنۇن (ساراڭ)، ئۇنداق ۋەھشەت ئىسلامىيەت روھى بىلەن ھېچقاچان سىغىشالمايدۇ".

ھۆرمەتلىك مۆمىن قېرىنداشلىرىمىزغا تەۋسىيەمىز شۇكى، كوممونىستلارنىڭ رېئاكسىيون تەشۋىقاتى بىلەن تۇمانلاشقان كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىڭ، بۇ ھەق دىن ئىچىگە چۆكۈپ، چوڭقۇرراق ئۆگىنىپ بېقىڭ! بۇ – يۈكسەك ئىلمىلىقىقا ئىگە، مۆجىزىلەرگە تولغان دىندۇر. ئۇ پەننىڭ ئاساسىدۇر، پەن – ئۇنىڭ شەرھىسى ۋە ئىسپاتىدۇر!

(مەزكۇر باپ تۈركچە «يەھۇدىلىق ۋە ماسونلۇق» دېگەن كىتابنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلدى).

# ئۈچىنچى باپ

# جىھادنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا

يوقۇرىقى باپلاردا بىز ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ ئۆتتۇق. ئەقىدە مۇستەھكەم بولمىسا، ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلمىسا باشقا خارلىق ياغىدىغانلىقىنى ئۇقتۇق. يوقۇرىقىلارغا ئىشىنىش ۋە ئەمەل قىلىش –ئىسلام دىنىنى قانداق تونۇشقا باغلىقتۇر. ئالدىنقى بابىمىزدا ئىلمى نوقتىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى، قۇرئانى كەرىمنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قىبلىنامە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. ئۇنداق بولسا كىتاپخانغا سۇئالىمىز شۇكى، سىز ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىدىن يەنە گۇمانلىنامسىز؟ ئەگەر گۇمانلانمايدىغان، تولۇق ئىشەنگەن بولسىڭىز، قايتىدىن ئىمان كەلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلىڭ، ئەقىدىڭىزنى توغرىلاڭ، پاكلاڭ، مۇستەھكەملەڭ. پەرزلەردىن نامازنى ئەلۋەتتە قۇبۇل قىلىسىز ( چۈنكى بۇنىڭغا دەسمايە كەتمەيدۇ). روزا تۇتىسىز (بۇمۇ ئانچە قىيىن ئەمەس). زاكات بېرىش، ھەج قىلىش قاتارلىقلار ئىقتىسادى ئەھۋالىغا يارىشا بولىدىغان (كەمبەغەللىكىمۇ مەجبورىيەت بولمىغاچقا) ئۇمۇ بولىدۇ.

خوش، جىھادقا نىمە دەيسىز؟ بۇمۇ پەرز. يەنە كېلىپ بۇ ”پەرز كۇپايە“ ئەمەس، ”پەرز ئەين“! (پەرز كۇپايە بولسىغۇ باشقا بىرى ۋاكالەتەن قىلىپ قويسىمۇ بولاتتى، ئەمما پەرز ئەين بولغىنى ئۈچۈن ھەركىم ئۆزى قىلمىسا بولمايدۇ). بۇنىڭدا ئۆلتۈرۈش - ئۆلتۈرۈلۈش مەۋجۇت. جان كېتىدىغان گەپ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئەڭ مۇھىم سىنىقى، ئىمانىڭىز ئۈچۈن ئىمتىھاندۇر.

بۇ توغرىدا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

”... **ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئەلۋەتتە** (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) **ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ بەزىلىرىڭلارنى بەزىلىرىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن** (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمىر قىلدى)، **ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ** (شېھىدلەرنىڭ) **ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋەتمەيدۇ**“ (سۈرە ”مۇھەممەد“ 4- ئايەت“).

”**بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە** (جىھادقا ئەمىر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) **سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن** (ئاللاھنىڭ يولىدا) **جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە** (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) **چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە قەدەر...**“ (سۈرە ”مۇھەممەد“ 31- ئايەت).

بەلكىم سىز بۇ پەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرەر يوچۇق باردۇر دېگەن خام تامادا بولارسىز، ئەمما بۇ ناھايىتى جىددى قويۇلغان مەسىلىدۇر. ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاڭ:

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام** (تۇرغان) **مۇنبەرنىڭ ئالدىدا ئىككى كىشى تالىشىپ قالدى، بىرى: ‹مەن ئىسلام** (ئىمان) **كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆمرۈم بويى ھاجىلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى بېرىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمايمەن** (بۇ ئادەمنىڭ نەزىرىدە بارلىق ئەمەللەردىن شۇ ئارتۇق ئىدى)› **دېدى. يەنە بىرى: ‹مەن مەسجىدىلھەرامنى ياساپ ئاۋات قىلىش** (بېزەش) **تىن باشقا ئىش قىلمايمەن› دېدى** (بۇ ئادەم ھەممە ئەمەلدىن شۇنى ئەۋزەل كۆرگەن). **مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەتىۋا سورىدىم. شۇ چاغدا بۇ ئايەت نازىل بولغان: ‹سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدىلھەرامنى ئاۋات قىلىشنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ** (ئىمانىغا) **ئوخشاش ھېساپلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس...›** » (سۈرە ”تەۋبە“ 19- ئايەت).

مەزكۇر ئايەتتىكى ”ئاۋات قىلىش“ نىڭ قانداق كونكرېت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بىز يەنە قۇرئانى كەرىمگە

مۇراجەت قىلايلى. يوقۇرىقى ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتتە ”ئاۋات قىلىش“ شۇنداق ئىزاھلانغان:

**”ئاللاھنىڭ مەسسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ** (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، **ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ“** (سۈرە ”تۆۋبە“ 18- ئايەت).

دېمەك، ”مەسجىدلىھەرامنى ئاۋات قىلىش“ – مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھاجىلىرىمىز تەسەۋۋۇر قىلالايدۇكى، مەسجىدلىھەرامنى ياساش، رېمونت قىلىش، بېزەش ئۈچۈن بىر قېتىمدا قانچىلىك چىقىم كېتەر؟ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ خەلقىمىزدىكى جىمى بايلىقنى توپلىغاندىمۇ بىر قېتىملىق رېمونتىغا يەتمەيدۇ؛ ھاجىلارنى سۇ بىلەن، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن قانچىلىك ئىقتىساد بولىشى كېرەكتۇر؟ بۇمۇ بىز ئۈچۈن تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدىغان چوڭ ساندۇر. مانا بۇلارنى دىلىمىزدا تولۇق تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كېيىن شۇ ئىشلارنى قىلغان كاتتا مۇرۇۋەت ساھىبىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى دەرىجىسى جىھاد قىلغۇچىلاردىن تۆۋەن تۇرۇدىغانلىقىنى چۈشەنسەك ھاياجانلانماي تۇرالامدۇق؟ دىلى پىچەتلىنىپ كەتكەن، ئىمان نۇرى كىرەلمەيدىغانلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ھاياجانلانماي تۇرالمايدۇ.

**”ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار** (ساۋاپ تېپىش بىلەن) **مەقسىدىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر“** (سۈرە ”تۆۋبە“ 20 ـ ئايەت).

مانا بۇ ئايەتتە ئالدىنقى ئايەتلەرگە ئوچۇق شەرھ بېرىلگەندۇر. ئەگەر يوقۇرىقى دەلىللەرنى يېتەرلىك ھېساپلىمايدىغانلار بولسا، بىز جىھادنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە مىڭلاپ ئايەت ۋە ھەدىس كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن!

**"سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر** (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ)، **سىلەر بىلمەيسىلەر** (شۇنىڭ ئۈچۈن) **ئاللاھ بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار"** (سۈرە "بەقەرە" 216 ـ ئايەت).

ھەقىقەتەنمۇ راست! بىز ئۆزىمىزگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەي كەلدۇق ياكى ئومۇمخەلق بىلمەي كەلدى. بىز پەقەتكىنە كۆز ئالدىمىزدىكى بىردەملىك تېنچلىققا – "تاشتەكتىكى گۈل" دەك راھەتكە گول بولدۇق. بۇ بىزگە پايدىلىقتەك تۇيۇلدى (بۇنى ياقتۇردۇق)، ۋاھالەنكى، بۇنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت –200 يىللىق ئاچچىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى! بىز جىھادنى ياقتۇرمىدۇق، ئۇنىڭ بىزگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. ئەگەر بىز جىھادنى ياقتۇرغان بولساق ئىدۇق، خىتايلار تۇپرىقىمىزغا ئاياق باسقان – 1759 ـ يىلىدىن بېرى جىھاد قىلاتتۇق، ئۇلارنى يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقارغانغا قەدەر، ئاللاھنىڭ دىنى ئەزىز بولغانغا قەدەر جىھادتىن ھېچ توختىمىغان بولاتتۇق. نەتىجىدە ئۆلگەنلەر جەننەتۇلپىردەۋستە، ھاياتلار ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىك ئىچىدە ياشىغان، ئاللاھنىڭ دىنى ۋەتىنىمىزدە كۆككە كۆتۈرۈلگەن بولاتتى؛ ئىنسانلىق غورۇرىمىز، ئار ـ نۇمۇسىمىزغا تۇكۇرۇلمىگەن بولاتتى. بىز تاكى ھازىرغىچە ئۆزىمىزگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن چۈشەنمەي كەلمەكتىمىز! ئەگەر ئاللاھنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەن، خىتايلارغا قارشى جەڭدىن چېكىنمىگەن بولساق ئىدى، ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغىنىدەك نەتىجىگە ئېرىشەتتۇق. **"كىمكى قانچىلىق زۇلۇمغا ئۇچۇرىسا ئاللاھ ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ..."** (سۈرە "ھەج" 60 ـ ئايەت).

”**ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا** (ئاللاھنىڭ دىنىغا) **ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە** (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) **ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى** (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) **بەرقارار قىلىدۇ**“ (سۈرە ”مۇھەممەد“ 7 - ئايەت).

”**ئاللاھنىڭ يولىدا** (پۇل - مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) **تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىهاد قىلىڭلار، ئاللاھ** (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) **سىلەرنى تاللىدى** (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى)“ (سۈرە ”ھەج“ 78 - ئايەت).

”**شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىهاد قىلغانلارنى** (يەنى، ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) **دوست تۇتىدۇ**“ (سۈرە ”سەپ“ 4 - ئايەت).

مانا بۇلار ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئىدى. ئەمدى ئاللاھنىڭ ئىلھامى ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزگە بىلدۈرۈلگەن ھەدىسنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلاپ باقايلى:

”**ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا ئاللاھقا ئىشەنگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەستىق قىلغان ھالدا ئۇرۇش قىلىشقا چىققان ئادەمنى** (ھايات قالسا) **ئەجىر - غەنىمەت بىلەن قايتۇرۇشقا،** (ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە) **جەننەتكە كىرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ**“ («بۇخارى»).

ھازىرغىچە زور كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار بۇ ئەمىرگە بويۇن ئەگمىگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىدى. شېھىد بولۇش (شاھادەت شەربىتى ئىچىش) تىن قورققان ئىدۇق، شەرمەندىلەرچە قەتلىئامغا – شەپقەتسىز قىرغىنغا ئۇچرىدۇق. 1759- يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئىستىلادىن 1884ـ يىلى ئىستىلاچىلار ۋەتىنىمىزگە نومۇس تامغىسى سۈپىتىدە ئۆز تىلىدا نام قويغانغا قەدەر بەش مىليون، 1930- يىللاردىكى ئىنقىلاپتىن كوممونىست ئىستىلاسىغىچە 1،5 مىليون ئادەم جىممىدە ئۆلتۈرۈلدى، چىرىپ تۈگىدى! جەڭ مەيدانىدا شەرەپ بىلەن ئۆلگىنى يوق، بەلكى ئۆزلىرى رەھىم - شەپقىتىنى ئۈمىد قىلىپ، سۈلھى تەلەپ قىلغان دۈشمەنلىرىنىڭ زىندانلىرىدا ئۆلدى! ئەمەلىيەتتە جىهاد قىلىپ ئەركەكلەرچە شېھىد

بولغانلارنىڭ سانى بۇنىڭدىن زور دەرىجىدە ئاز! ئەگەر جىهاد قىلغان بولسا بەلكى ئاشۇ نام - نىشانسىز، تۆھپە - ئەجىرسىز ئۆلگەنلەرنىڭ ئوندىن بىرىچىلىكمۇ قۇربان بەرمەستىن يۇرتنى ساقلاپ قېلىشقا بولاتتى! ئوچۇق جەڭ مەيدانىدا مەرتلەرچە بېرىشنى خالىمىغان جانلارنى دۈشمەن ئۆي - ئۆيىمىزگە كىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كوممونىست ئىستىلاسىدىن كېيىن ئېلىشىپ ئۆلگەنلەر قانچىلىكتۇر؟ جىمجىتلا ئۆلگەنلەر قانچىلىكتۇر؟ يەنىلا ئوخشاش قانۇنىيەت، مەنتىقە بىرلا خىل: جىهاد قىلىپ بېرىشكە چىدىمىغان جاننى ئۆيىمىزدىن ئېلىپ چىقىپ ئېلىۋاتىدۇ ۋە بۇ سانمۇ مىليونلارغا ئۇلاشتى!

ئاللاھ بىزگە خىتاپ قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

**”(ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلمايسىلەر ۋە** (دۇئا قىلىپ) **‹ئى پەرۋەردىگارىمىز!... ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل› دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىهاد قىلمايسىلەر؟“** (سۈرە ”نىسا“ 75 - ئايەت).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، نومۇس - ئارىمىزنىڭ ئەينىكى بولغان ئاياللىرىمىز (خوتۇن - قىزلىرىمىز) نى، كەلگۈسىمىز، نەسىللىرىمىزنىڭ داۋامى بولغان بالىلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خىتايلار بىلەن ئۇرۇشقا چىقمىساق، ئۇلار ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئاللاھقا ئەنە شۇنداق نىدا قىلىدۇ! نالە قىلىدۇ. ئاياللىرىمىز، ئانىلىرىمىز، ھەدىلىرىمىز مەجبۇرى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ بالىلىرى ئېلىپ تاشلىنىۋاتقىنىدا ـــ تىرىك تەجرىبە بويۇمى بولۇپ جاللاتلارنىڭ دۈشمەنلىك نەزىرى ئاستىدا ـــ ئوپېراتسىيە شىرەسى ئۈستىدە پىچاق ئازابىدا ياتقانلىرىدا شۇنداق نىدا قىلماسمۇ؟ ئاللاھقا ئىسىلىپ يىغلىماسمۇ؟ بۇ يىغىغا سەۋەبچى گۇناھكارلار – بىز ئەركەكلەرمىز! ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلالمىغىنىمىز ئۈچۈن بۇ دۇنيادا نومۇس ۋە خارلىققا قالىمىز، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە ياخشىلىق يوقتۇر.

جىهاد – پەرز ئەين (ھەركىم ئۆزى بىۋاستە قىلمىسا بولمايدىغان پەرز) بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا باھانە ـ سەۋەپ كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت يوق. قۇرئانى كەرىمدە:

”**دۈشمىنىڭلار** (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) **ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قۇرال كۈچى ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر...“** (سۈرە ”ئەنفال“ 60 ـ ئايەت).

دېمەك، جىهاد ھەققىدە باھانىگە ئورۇن يوقكى، ھەركىم قولىدىن كېلىشىچە تەييارلىقتا بولۇشى پەرزدۇر. ئۇ ھالدا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، دېيەلمەدۇق؟ بۇ نوقتا تۆۋەندىكى ھەدىستە تېخىمۇ رۇشەن كۆرسىتىلگەن:

”**مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن، تىلىڭلار بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى جىهاد قىلىڭلار**“ (دارىمى – «ئەبۇ داۋۇد»).

ئەگەر باي بولسىڭىز مېلىڭىز بىلەن، پۇلىڭىز بىلەن جىهاد قىلىڭ؛ ئۇ بولمىسا جېنىڭىز بىلەن جىهاد قىلىڭ؛ ئەگەر جىسمانى جەھەتتىن مەجرۇھ بولسىڭىز تىلىڭىز بىلەن (ئەمرى ـ مەرۇف ئارقىلىق) جىهاد قىلىڭ –ئاللاھنىڭ جىهاد ھەققىدىكى ئەمرىنى خەلققە يەتكۈزۈڭ، چۈنكى بۇ ”سالا يىمەيدىغان“ پەرزدۇر.

”**ھەرقانداق ئادەم جىهاد قىلمىسا ياكى كۆڭلىدە جىهاد قىلىشنى ئويلىمىسا مۇناپىق ھالەتتە ئۆلىدۇ**“ («ئەبۇ داۋۇد»). مانا بۇ ھەدىستىن شۇنى بىلىمىزكى ھېچ بولمىغاندا نىيىتىمىزدە جىهاد قىلىش ئىستىگى بولۇشى كېرەك!

بىزنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز كۆڭلىدە: ”ناماز ئوقۇۋاتىمەن، زاكات بېرىۋاتىمەن، روزا تۇتىۋاتىمەن، ھەج قىلدىم (ياكى قىلىمەن، ئىنشائاللاھ)، خۇدا خالىسا مەن دىنىنىڭ ھۆكمىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتىمەن، مۇسۇلمانچىلىقىمنىڭ كامىللىقىغا ئەمىنمەن...“ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. لېكىن، دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرزلىرىدىن بولغان جىهاد ھەققىدە ئويلاپ

باقمىغان ۋە يا جىھادنىڭ ئۇ دەررىجىدە يوقۇرى ھەم مۇھىم سانىلىدىغان پەرز ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلمىغان بولىشى مۇمكىن! دىنى ئۇلىمالىرىمىز جان ھەلەكچىلىكىدە بۇنداق مۇھىم پەرزنى تىلغا ئېلىشقا جۇرئەت قىلالماي، تولىمۇ ئادەتتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە – ئۇخشاش بىرلا مەسىلە ھەققىدە تەكرار ـ تەكرار ئەمرى ـ مەرۇف قىلىدۇ، مۇستەھەپ ئىشلارنى كۆپ سۆزلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق سۈرەتلەنگەن:

**”سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار ھاياتى دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوقىقا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر“** (سۈرە ”كەھف“ 104 ـ ئايەت).

ھەدىسى رەسۇلۇللاھتا شۇنداق سۈرەتلەنگەن:

**”سىلەر... كالىنىڭ قويرۇقىنى تۇتىۋالدىڭلار** (دىندا تۇتىمىسا بولمايدىغان مۇھىم يەرلىرىنى قويۇپ، مۇستەھەپ ئىشلارغا ئېسىلىۋالدىڭلار). **دۇنيا ئىشلىرى بىلەن خوشال بولدۇڭلار، جىھادنى تاشلىدىڭلار،** (ئەنە شۇ سەۋەپتىن) **ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا خارلىقنى كەلتۈردى. سىلەر توغرا دىنغا قايتمىغىچەئاللاھ ئۇ خارلىقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن كۆتىرىۋەتمەيدۇ“** («ئەبۇ داۋۇد»، «ئىمام ئەھمەد»).

رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) مىسال قىلغان **”كالىنىڭ قويرۇقىنى تۇتىۋېلىش“** ئاددى بىر ساۋاتتۇركى، كالىنى تۇتىمەن دىگەن ئادەم بېشىدىن تۇتىشى لازىم، قويرۇقىدىن كالىنى تۇتۇپ بولمايدۇ، ئەلىۋەتتە. بىزنىڭ بېشىمىزدىكى خارلىقنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىشىمۇ بۇ ھەدىستە ئوچۇق كۆرسىتىلگەن، خارلىقنىڭ سەۋەپلىرىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

بىز دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم يەرلىرىنى (پەرزلەرنىڭ بەزىسىنى) تاشلىۋەتتۇق، جىھادنى تاشلىۋەتتۇق، دۇنيا تىرىكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇ دۇنيانى خىيالىمىزدىن چىقىرىۋەتتۇق، توغرا دىنىي ئەقىدىدىن چىقىپ كەتتۇق، بۇلار خارلىقنىڭ سەۋەبى بولسا، توغرا دىنغا قايتىش، ئاللاھ بۇيرىغاننىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇنلاش –بۇ خارلىقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ

كېتىشىدىكى شەرتتۇر! بىزنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائى رىئاللىقىمىزدىن ئېيتقاندا شۇبھىسىزكى، ئەڭ مۇھىم بىلىپ قىلىدىغىنىمىز –بىرىنچى نومۇرلۇق بۇرچىمىز، پەرزىمىز ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ئۆزىمىزنىڭ تارىخى دۈشمىنىگە قارشى جىھاد قىلىش، ھېچ مۇرەسسەسىز رەۋىشتە شەپقەتسىزلىك بىلەن كۆرەش قىلىشتۇر. چۈنكى ھەدىستە:

**"ئىسلامنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر"** («ئىمام ئەھمەد»). **"ئەڭ ياخشى ھايات – ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن تەييار ھالەتتە تۇرغان ئادەمنىڭ ھاياتى"** («مۇسلىم») دەپ كۆرسىتىلگەن.

بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز –دۈشمەن بىلەن كۈچ سېلىشتۇرمىمىز، خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئىقتىسادى ئەھۋالى، دىنى ئەقىدە جەھەتتىكى ئەھۋالى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، قارىماققا جىھاد قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقتەك پىكىرگە كەلتۈرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم (ياكى بىر توپ ئادەم) جىھاد قىلسا ئەگىشىدىغانلاردىن تۇتۇپ بېرىدىغانلارنىڭ سانى كۆپتەك قىلىدۇ. "سىڭگەن نېنىنى يېسىچۇ" دەپ تەنبىھ بېرىدىغان بىلەرمەنلەر نۇرغۇن. ھەتتا بىر تۇغقان قېرىنداشلارمۇ بۇ پىكىر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە دۈشمەندۇر. بىر مۇجاھىد (جىھاد قىلغۇچى) يارىلىنىپ، دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈشتىن قېچىپ يەنە بىر مۆمىنىنىڭ ھەتتا ئاكىسى ياكى ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرسە ۋە يوشۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلسا ئۇ قېرىندىشى بۇ مۇجاھىد قېرىندىشىنى ئۇخلۇتۇپ قويۇپ خىتاي ساقچىلىرىنى باشلاپ كىرىپ تۇتۇپ بېرىدىغان شەرمەندە ئىشلارنىڭ مىساللىرىمۇ كۆپ تېپىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا – ئەقىدە بۇزۇلغان، مىللى روھ سۇنغان ئەھۋالدا –قانداقمۇ جىھاد قىلغىلى بولسۇن؟ قانداقمۇ بىر ئادەمگە ئىشىنىپ ھەمكارلىقتا بولغىلى بولسۇن؟ دېگەندەك باھانىلار كۆرسىتىلىشى تەبئىي. بىز جىھاد پەرزىنىڭ سالاغا، باھانىگە ئورۇن يوق دەرىجىدە جىددىلىكىنى مۇنۇ دەلىللەر ئارقىلىق قېرىنداشلىرىمىزغا بىلدۈرىمىز:

"(ئى مۇھەممەد) **ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن** (يەنى ئۆزەڭ يالغۇز قالساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان، مۇناپىقلارنىڭ

جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە)، **سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋاپكارسەن، مۆمىنلەرنى ‹جىھاد› قا قىزىقتۇرغىن، ئاللاھنىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر. ئاللاھنىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، ئاللاھنىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر**“ (سۈرە ”نىسا“ 84 ـ ئايەت).

دېمەك، جىھاد پەرزىنىڭ جىددىيلىكى شۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاللاھ پەيغەمبەر (س.ئە. ۋ) گە يالغۇز قالغان تەقدىردىمۇ جىھاد قىلىشنى بۇيرىغان. چۈنكى، ھەربىر ئادەم ئۆزى ئۈچۈنلا جاۋاپ بېرىدۇ، ”باشقىلار قىلمىغانلىقى ئۈچۈن قىلمىدىم“ دېيىش بىلەن ئاللاھنىڭ ھېساپ ئېلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولمايدۇ! باشقا بەزى باھانىچىلەرگە مۇقابىل يەنە بىر ئايەتنى سۇنىمىز:

”(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) **ئاللاھ سىلەردىن** (ھەقىقى) **جىھاد قىلغانلارنى ۋە** (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) **چىدىغۇچىلارنى بىلمەي** (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) **جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟**“ (سۈرە ”ئەل ئىمران“ 142ـ ئايەت).

شۇنىسى چۈشىنەرلىككى، ئىمان (مۆمىنلىك) –تىل بىلەن ئىمان ئېيتىش، دىل بىلەن تەستىق (ئېتراپ) قىلىش، ئەمەلى ھەركەت ئارقىلىق دىن ھۆكمىنى ئورۇنداشتۇر. ئاغزاكى ئىمان ئېيتىپ قويۇش بىلەنلا مۆمىن بولغىلى بولمايدۇ، جەننەتتىن ئۈمىد كۈتۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مەسىلە ناھايىتى مۇھىم ۋە جىددى مەسىلىكى، ئۇ ئىمانغا بېرىپ تاقىلىدۇ. كىتاپخانلارنىڭ بۇ جىددىيلىكنى تېخىمۇ ياخشىراق ھىس قىلىۋېلىشلىرى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) نىڭ مۇنۇ ھەدىسلىرىگە دىققەت بېرىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمىز:

”**مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن** (جىھادتا **ئۆلتۈرۈلگەيمەن**، (ئاللاھ تەرىپىدىن) **تىرىلدۈرۈلگەيمەن، يەنە قايتا ئۆلتۈرۈلگەيمەن، يەنە تىرىلدۈرۈلگەيمەن، يەنە قايتا ئۆلتۈرۈلگەيمەن** (يەنى، جىھاد قىلىپ شېھىد بولسام، ئاللاھ تەرىپىدىن تىرىلدۈرۈلسەم يەنە جىھاد

قىلاتتىم، يەنە شېھىد بولۇپ قايتا تىرىلدۈرۈلسەم يەنە جىھاد قىلاتتىم)“ («بۇخارى»).

**”ئەگەر بىر كىشى جىھادقا قاتناشماي ئۆلۈپ كەتسە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا دىنى كەمچىل ھالدا بارىدۇ“** («تىرمىزى»).

**”قىيامەت كۈنىگىچە ئىسلام دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جىھاد قىلغان ئادەمنىڭ دىلىدا ھەقىقىي ئىسلام دىنى ساقلىنىپ قالىدۇ** (ئەكسىچە جىھاد قىلمىغان ئادەمدە ئىسلام دىن ۋە ئىمان بولمايدۇ)“ («مۇسلىم»).

ئەگەر بىر مۇسۇلمان زېمىنىنى كاپىرلار ئىپلاس ئاياقلىرى بىلەن چەيلەۋاتقان بولسۇن، ئەمما ئۇ مۇسۇلمان ئاشۇ پاسكىنىچىلىق (دىنى ۋە مىللى خورلۇق) ئىچىدە ناماز ئوقۇپ، ئۆزىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋاتىمەن، مۇسۇلمانمەن، دەپ يۈرسە قانداق بولىدىغانلىقىنى ياخشىراق ئويلاپ كۆرسەك بۇ ھەقىقەتنى – ئىسلام دىنىنىڭ جىھاد تەشەببۇسى قانداقتۇر ئۇرۇشخۇمارلىق ياكى باشقا سەۋەپتىن كېلىپ چىقمىغانلىقىنى، بەلكى ھەق دىنىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى –كۆرۈپ يېتىمىز. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت شەكلى ۋە ئۇسۇلى باتىل دىن مۇخلىسلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدە قانۇنىيەتلىك ۋاقت مەۋجۇت ئەمەس. ئىبادەتكە تەييارلىنىش ئالدىدا باشقا ئالاھىدە تەلەپمۇ يوق. لېكىن مۇسۇلمانلار ئىبادەتتىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىپ ئۆزىنى پاكلايدۇ، ئىبادەت يېرىگە (پاكلىق ئۈچۈن) جايىنماز سالىدۇ ياكى پاكىزە يەردە ناماز ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ –دىنىمىزنىڭ پاكلىق تەشەببۇسىدۇر. چۈنكى، ناماز –بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستە بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك تۇرۇشىمىز كېرەك (چۈنكى ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ). ۋاھالەنكى، ئەگەر بىزنىڭ زېمىنىمىز دۈشمەن تەرىپىدىن چەيلىنىۋاتقان بولسا، بىز بۇ ئىپلاسلىقنى تازىلىماستىن نامازغا تۇرساق (ئاللاھ ئالدىدا ناپاكلىق بىلەن تۇرساق) ۋىجدانىغا مۇخالىپ، دىنىغا (ئىسلام دىنىنىڭ تۈپكى روھىغا) زىت كەلمەسمۇ؟

ئەگەر كىمكى بايانلىرىمىزدىن يەنە گۇمانلانسا، قۇرئانى كەرىمنى ئەستايىدىل ئوقۇپ كۆرسۇن، ئۇنىڭدا جىهاد ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ ھەجىم سالمىقى باشقا مەزمۇنلارنىڭ ھەجىم سالمىقىدىن بەكمۇ زور بولۇپ، مەسىلىنىڭ قويۇلۇش جىددىيلىكىمۇ قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ جەھەتتە مۇتەشابىھ (مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان) ئايەتلەردىن بىرسىمۇ يوق. ئەكسىنچە ھەممىسى شۇ قەدەر رۇشەن ۋە ئېنىقكى، مۇناپىقلارنىڭ بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشىگىمۇ ئىمكانىيەت يوق!

ئەگەر مۇناپىقلار، جىهاد چاقىرىقى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ئائىتتۇر، ھازىرقى دەۋر كۆزدە تۇتۇلمىغان، دەيدىغان بولسا ئۇلارغا مۇنۇ ھەدىس بىلەن جاۋاپ بېرىمىز:

**”مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن** (مەككىدىن) **ھىجرەت قىلىش يوق، لېكىن جىهاد قىلىش ۋە جىهاد ئۈچۈن نىيەت قىلىش ھەر ۋاقىت مەۋجۇت، قاچان جىهادقا چىقىشقا چاقىرىلساڭلار جىهادقا چىقىڭلار“** («بۇخارى»).

جىهادنىڭ پەرزلىكى، تەخىرسىزلىكى، باھانە كۆرسىتىشكە ئورۇن يوقلىقى توغرىسىدا مىڭلاپ دەلىل كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن، بىراق كىتابىمىز ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئۈزۈندە ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىمىزغا بىرلەشتۈرۈلگەن تەھلىل ۋە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشنى، ھەرخىل گۇمان ھەم ئىككىلىنىشلەرگە جاۋاپ بېرىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، دەلىل كەلتۈرۈشنى توختۇتۇپ، سۆزىمىزنى ئاياللارنىڭ جىهاد قىلىشى ھەققىدىكى ھەدىسلەردىن كېيىن يېڭى تېمىغا يۆتكەيمىز.

ئەنەس (ر.ئە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سۇلەيم**[1] **ۋە ئەنسارلاردىن بولغان بىر نەچچە ئايال بىلەن بىللە جىهاد قىلاتتى. (ئۇلار) مۇجاھىدلارغا سۇ ئەكىلەتتى ۋە يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تاڭاتتى“**(«مۇسلىم»).

---

[1] ئۇممۇ سۇلەيم — رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى.

ئۆممۇ ئەتىيە (ئەنسارى) رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **”مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە يەتتە قېتىم جىھاد قىلغانىدىم، مەن ئارقا سەپتە تۇرۇپ ئۇلارغا تاماق ئېتەتتىم، يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تاڭاتتىم ۋە كېسەللەرگە قارايتتىم“** («مۇسلىم»).

ئەمدى، بىز جىھاد قىلساق بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ دۈشمەن ناھايىتى نۇرغۇن سانغا، قۇدرەتلىك قۇراللارغا ئىگە، بىزنىڭ قولۇمىزدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق، قوشنىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دۈشمىنىمىز بىلەن تەڭپۇڭلۇق ساقلاش كويىدا، بۇ جىھادتىن قانچىلىك ئۈمىد بار؟... دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاپ بېرىمىز.

ئالدى بىلەن بىز ياخشى ئەملىمىز (جىھاد قىلىش) بىلەن ئاللاھقا يېقىنلاشساق، ئەڭ قۇدرەتلىك بىر كۈچ بىزگە ياردەم قىلىدۇ: **”ياردەم پەقەت غالىپ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر** (ئاللاھنىڭ ياردىمى) **كاپىرلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىز ھالدا مەغلۇپ بولىشى ئۈچۈندۇر“** (سۈرە ”ئا ئىمران“ 127 ـ ئايەت).

**”ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭلار ئۇلار سىلەرنى ئارقاڭلارغا** (يەنى كۇفرىغا) **ياندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتىپ قالىسىلەر. ئۇنداق ئەمەس** (يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىدىغان مەدەتكارىڭلار ئەمەس). **ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر** (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار)، **ئۇ ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر“** (سۈرە ”ئال ئىمران“ 149 ـ ئايەت).

ئەگەر بىز ھەقىقىي مۆمىن بولساق، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدىن گۇمانلانماسلىقىمىز كېرەك. ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئىشەنگەن ۋە ئۈمىدۋار بولغان ھالدا جىھاد باشلىغان ۋاقتىمىزدا ئاللاھ بىزگە ئۆزىگە خاس شەكىل بىلەن ياردەم بېرىشى جەزمەن. مەيلى پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بەرسۇن؛ مەيلى كاپىرلارغا قورقۇنۇچ سېلىش ۋە ۋەسۋەسىگە سېلىش ئارقىلىق ياردەم بەرسۇن ياكى باشقا دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دىلىغا سېلىش ئارقىلىق ياردەم

بەرسۇن ئاللاھنىڭ مەيلىدۇر. ئۇ ھەممىگە قادىردۇر. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاچقىلا سان جەھەتتىن ئاز، قۇراللىرى يېتەرسىز بولغان نۇرغۇن دۆلەتلەر –ئافغانىستان، چېچەنىستان، بوسنا ـ ھەرسەك، لىۋان، كەشمىر، پەلەستىن ... لەر غەلىبىگە ئېرىشتى ياكى ھازىرغىچە مەغلۇپ بولغىنى يوق، كۆرەشنى داۋام قىلماقتا!

**”ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقات قىلىدىغانلار: ‹ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ› دېدى. ئاللاھ چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر“** (سۈرە ”بەقەرە“ 249 ـ ئايەت).

ئاللاھنىڭ بۇ ۋەدىسى راست بولغانلىقىنى بىز دۇنيا تارىخىدا ھەرقاچان ئۇچۇرتىمىز. مۇشۇ ئەسىردىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، يوقۇرىقى دۆلەتلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئازسانلىق تۇرۇپمۇ كۆپ سانلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆردۇق. ئىككىلىنىشلەرگە، شۈبھىگە ئورۇن يوق!

**”ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۆمىنلەر يالغۇز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن** (يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن)“ (سۈرە ”ئال ئىمران“ 160 ـ ئايەت).

بۇ –ئاللاھ بويرىغان يول، بۇ –ۋەتەن، مىللەت ئىستىقبالىغا ئېرىشىدىغان يول، بۇ –ھاياتى دۇنيادا شان ـ شەرەپ، ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىك؛ ئۇ دۇنيادا جەننەتكە ئاپىرىدىغان يول. بۇ يولغا ماڭماي قايسى يولغا ماڭىمىز؟ بۇ ئىشنى قىلماي قايسى ئىشنى قىلىمىز؟ ئاللاھنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىسى، خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، ئەڭ تەقۋا مۆمىن، ئەڭ ساپ ۋەتەنپەرۋەر، مىللەت سۆيەر بولۇشنىڭ يولى مانا شۇ جىھادتۇر! ئۆلۈم بەرھەقتۇر! ھەر بىر جانلىقنىڭ بىر قېتىم ئۆلۈشى تەقدىردە پۈتۈلگەندۇر. جىھاد قىلماسلىق بىلەن ئەبەدى ياشاپ قىلىش مۇمكىن ئەمەسقۇ؟ مۇمكىنمۇ ـ يە؟

”(ئ مۇھەممەد! مۇناپىقلارغا) **ئېيتقىنكى،** (ئەگەر ئۇرۇشقا چىقماسلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بولسا) **ئۆلۈمنى ئۆزەڭلاردىن دەپئى قىلىپ بېقىڭلار،...**“ (سۈرە ”ئال ئىمران“ 168 ـ ئايەت).

ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا بىزنىڭ قانداق ئۆلۈشنى تاللاش هوقۇقىمىز بار، ئەلۋەتتە. شەرمەندىلەرچە ئۆلىمىزمۇ ياكى شەرەپ بىلەنمۇ؟ چۈنكى:

”(ئەجەل كەلگەندە) **قەيەردە بولماڭلار، ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ. سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ!**“ (سۈرە ”نىسا“ 78 ـ ئايەت).

بىزنىڭ تارىخىمىزدا خۇددى شۇنداق بولدى ۋە بولىۋاتىدۇ.

”**ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇغلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنى ‹ئۆلۈڭلار› دېدى،** (ئۇلار ئۆلدى)“ (سۈرە ”بەقەرە“ 243 ـ ئايەت).

1759 ـ يىلىدىن بېرىكى پاجىئەلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمدىن قورقۇپ قاچقانلىقىمىزدىن بولدى. ئۆيىمىزدە بولساقمۇ ئۆلىۋەردۇق، ئۆلۈمنى دەپئى قىلالمىدۇق، ئەكسىچە تېخىمۇ كۆپلەپ ئۆلتۈرۈلدۇق.

”**ئى مۆمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە ‹ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى› دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار،... ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ** (ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ). **شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ يولىدا** (يەنى غازاتتا) **ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى** (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) **ئۆلسەڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت – ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر**“ (سۈرە ”ئال ئىمران“ 156~157 ـ ئايەتلەر).

”**پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار!**“ (سۈرە ”ئەنفال“ 39 ـ ئايەت).

”**ئى مۆمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار** (يەنى قاچماڭلار). **كىمكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى**

**قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاق بولىدۇ... “** (سۈرە ”ئەنفال“ 15~16 ـ ئايەتلەر).

بىز تارىختىن بىرى ئەنە شۇنىڭ زىيىنىنى تارتىپ كېلىۋاتىمىز. يەنى، ھەقىقى مۆمىن بولغان بولساق، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتساق، ئاگاھلىرىنى بەجا كەلتۈرسەك بۇ خارلىققا قالماس ئىدۇق.

**جىھاد قىلىشتا نىيەت ۋە مەقسەد نېمە بولىشى كېرەك؟**

كىمكى جىھاد قىلماقچى بولىدىكەن، ئاللاھ رىزالىقىنى مەقسەت قىلسۇن. مۆمىنلىك پەرزىنى ئورۇنلاش نىيىتىدە قىلسۇن. ئەگەر قىلچىلىك شەخسى غەرەز –جەڭدىن كېيىن ئەمەلدار بولۇش خىيالى، پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن پۇل ـ مال توپلاش خىيالى، باتۇر پالان دېگەندەك شەرەپلىك نام ئېلىش خىيالى بىلەن جىھاد قىلسا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ھەدىسى رەسۇلۇللاھتا شۇنداق دېيىلىدۇ:

**”جىھاد ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، ھەرقانداق ئادەم جىھاد قىلىشتا ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلىسە، ئەمىرگە ئىتائەت قىلسا، ئالىجاناپلىقنى** (ئۆزىدە بار ئەڭ ئېسىل نەرسىنى) **خەجلىسە، قېرىنداشلىرىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرسە، بۇزۇقچىلىقتىن قاچسا، ئەنە شۇ كىشىنىڭ ئۇيقۇسى، ئويغاقلىقى، بارلىق ئىش ھەركىتى ئەجىردۇر. ھەرقانداق ئادەم ماختىنىش ئۈچۈن، رىيا قىلغان ھالدا، قىلغان ئىشلىرىنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ ئۇرۇش قىلسا، ئەمىرگە ئىتائەت قىلمىسا، بۇزۇقچىلىق** (پىتنە ـ پاسات) **بىلەن شوغۇللانسا ئۇ ئادەم ئۇرۇشتىن** (نە ئەجىر، نە غەنىمەت، نە شېھىدلىك ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي) **قۇرۇق قول قايتىدۇ“** («بۇخارى»، «مۇسلىم»).

**”قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋال شېھىد بولغان ئادەم ئۇستىدە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇ كىشىدىن ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە قانداق شۈكرى ئېيتقانلىقى سورىلىدۇ.** (ئۇ شېھىد بولغۇچى) **جاۋاپ بېرىپ: ‹مەن سېنىڭ يولۇڭدا شېھىد بولغانغا قەدەر ئۇرۇشتۇم› دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇكى: ‹سەن يالغان ئېيتتىڭ، سەن ئەسلىدە ئۆزەڭنىڭ كۈچىنى** (باتۇرلۇقۇڭنى) **كۆرستىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانىدىڭ، ئۇ شۇنداق بولدى** (يەنى تىلىكىڭ شۇ

دۇنيادىلا ئىجابەت بولدى – كىشىلەر سېنى باتۇركەن دېدى)› ، **ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭ ئازابلىنىشى ئۈچۈن ئەمىر قىلىدۇ. ئۇ دوزاقتا تاشلىنىدۇ“**(«مۇسلىم»).

بىز نىيىتىمىزنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىكەنمىز، جىهادقا چىققاندا ئاللاھ رىزالىقىدىن باشقا نەرسە ئويلىماسلىقىمىز، مەقسىدىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ھۆرلۈكى، ئاللاھنىڭ دىنى –ئىسلامنىڭ ئۈستۈنلۈكى بولىشى كېرەك. ئاندىن بۇ توغرا ئەمەل بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئازراق قىڭغىر نىيەت ئارىلىشىدىكەن، ئاللاھقا مۇلاقات بولغاندا سىز: «مەن ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىم» دېگىنىڭىزدە، پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىن گۇۋاھلىق بېرىپ: «يالغان! سەن پۇل ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانىدىڭ!» ياكى: «يالغان! سەن ئەمەل-مەنسەپ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانىدىڭ!» دەپ ۋارقىرايدۇ. ھېچكىم ھېچ قىلمىشىدىن تېنىۋالالمايدۇ. چۈنكى، ئاسمان ـ زېمىن كائىناتتىكى پۈتكۈل شەيئىلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھېچنېمىنى يوشۇرۇشقا، يالغان گۇۋاھلىق بېرىكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

**”ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا ئاللاھقا ئىشەنگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەستىق قىلغان ھالدا ئۇرۇش قىلىشقا چىققان ئادەمنى** (ھايات قالسا) **ئەجىر ـ غەنىمەت بىلەن قايتۇرۇشقا،** (ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە) **جەننەتكە كىرگۈزۈكە كېپىل بولدى“** («بۇخارى»).

ئەگەر يوقۇرىقى ھۆكۈملەرگە يەنىلا سۇس قارىغۇچىلار، شۇبھە قىلغۇچىلار بولىدىكەن، بۇنداق ئادەملەر مۇرتەد (دىنىدىن يېنىۋالغۇچى) دۇر. مۇرتەد بولمىغانلار ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەمرىنى يەردە قويمايتتى. دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرزىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ، يەنە كىم ئۆزىنى مۇرتەد ئەمەس، دېيەلەيدۇ؟

**مۇرتەدلەرگە ئاللاھنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

**”ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىغا ئاللاھ** (ئۆزى) **دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىهاد**

**قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ...“** (سۈرە ”مائىدە“ 54 ـ ئايەت).

ئاللاھنىڭ مۇرتەدلەرگە هۆكمى: ئۇلارنى زېمىندىن يوق قىلىپ، ئورنىغا ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، ئاللاھ ئۆزىمۇ ياخشى كۆرىدىغان (چۈنكى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تولۇق ئورۇندايدىغان) قەۋمنى يارىتىشتۇر.

# تۆتىنچى باپ

# جىھادنىڭ پەزىلەتلىرى

يوقۇرىدا جىھادنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە توختالدۇق. ئەمدى جىھادنىڭ پەزىلەتلىرى بايانى ئارقىلىق يەنە شۇ مۇددىئانى – جىھادنىڭ پەرزلىك دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك يۇكسەك ئىكەنلىكىنى، مەسىلىنىڭ قويۇلۇش جىددىيلىكىنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ جانلىق ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشىمىز. ئەگەر جىھاد مەسىلىسىدىكى زۆرۈرلۈك ۋە تەخىرسىزلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقچى بولسىڭىز جىھادنىڭ پەزىلەتلىرىگە دىققەت بېرىڭ. مۇجاھىد (جىھاد قىلغۇچى) نىڭ بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە قانداق مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاڭ، بۇ – مەسىلىنىڭ باشقا بىر تەرەپتىن كۆرىنىشىدۇر.

**”ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازاپتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قۇيايمۇ؟ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە** (چىن) **ئىمان ئېيتقايسىلەر، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر** (شۇنداق قىلساڭلار) **ئاللاھ سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمى تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا** (تۇرغۇزىدۇ)، **بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر“** (سۈرە ”سەپ“ 10~12 - ئايەتلەر).

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى تەكلىپ قىلغان بۇ ”ياخشى تىجارەت“ قۇرئانى كەرىمدە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان:

**”شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ** (دۈشمەنلەرنى) **ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ** (دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولىدۇ). (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) **تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان** (ئاللاھنىڭ) **راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خوشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر“** (سۈرە ”تۆۋبە“ 111 - ئايەت).

ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ جانلىرى، ماللىرى بەدىلىگە ۋەدە قىلىۋاتقان جەننەت قانداق نەرسە؟ بۇنى يەنە ئاللاھنىڭ كالامىدىكى سۈپەتلەردىن بىلەيلى:

**”تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ،** (مۇنداق تەقۋادارلار) **دوزاقتا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغۇرۇلۇپ** (قىزىقلىقىدىن) **ئۈچەيلىرى پارە - پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟“** (سۈرە ”مۇھەممەد“ 15 - ئايەت).

**”ھىجرەت قىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا** (يەنى ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن) **ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار** (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) **ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى** (مەغپىرەت ۋە رەھمىتىم بىلەن) **ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن، بۇ** (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) **ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات** (جەننەت) **بار“** (سۈرە ”ئال ئىمران“ 195 - ئايەت).

رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) نىڭ ھەدىسلىرىدە جىھادنىڭ پەزىلەتلىرى تېخىمۇ رۇشەن ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك كۆرسىتىلگەنلىكى، بۇ

ھەدىسلەر جىھادنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق تەپسىرىدۇر:

**”پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنى ئىلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر قېتىملىق ئاللاھ يولىدا مېڭىش – پۈتۈن دۇنيا ۋە دۇنيادا بار بولغان نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. سىلەرنىڭ بىر قېتىم جىھاد سېپىدە بولغىنىڭلار** (بىرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ) **ئاتمىش يىل ئوقۇغان نامىزىدىنمۇ ياخشىدۇر“** («ئىمام ئەھمەد»).

يوقۇرىقى ھەدىسكە مەنىداش بولغان يەنە بىر ھەدىستىن رىۋايەت مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

**”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرسى سۈپ - سۈزۈك بۇلاقلار ئېقىپ تۇرغان، ھاۋاسى ياخشى بىر جايدىن ئۆتۈپ قالدى - دە، ئۇنى بۇ جاي قىزىقتۇردى. ئۇ** (ئاۋال) **بۇ يەردە تۇرۇپ قالسام ۋە** (كىشىلەرگە ئارىلاشماي) **ئىبادەت قىلسام، دەپ ئويلىدى.** (ئاندىن كېيىن) **ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغىنى توغرىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىماقچى بولدى ۋە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام** (ئۇنىڭغا جاۋابەن) **مۇنداق دېدى: ”سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدىكى ئورنۇڭلار ئۆيۈڭلاردا تۇرۇپ ئاتمىش يىل ئىبادەت قىلغاندىن ياخشىدۇر. سىلەر گۇناھىڭلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ۋە جەننەتكە كىرىشنى ئۈمىد قىلمامسىلەر؟** (ئەگەر شۇنى ئۈمىد قىلىدىغان بولساڭلار) **ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار! ھەرقانداق ئادەم تۆگىنىڭ ئەمچىكىنى بىر قېتىم ساغقان مۇددەتتە** (ئاللاھ يولىدا) **ئۇرۇشسا ئۇ چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ“** («ئىمام ئەھمەد»، «تىرمىزى»).

ئى، ۋەتەنداشلار، نۇرغۇنلىرىمىز بۇ پارلاق يولدىن، سائادەت باغچىسىنىڭ كىرىش ئىشىكىدىن خەۋەرسىز قالدۇق، قانچىمىزنىڭ خەۋىرى بولسىمۇ ئۇنىمىزنى چىقىرالماي يۇرىۋاتىمىز، تەپەككۇر قىلىپ كۆرەيلى:

ئەگەر بىز خىتايلار بىلەن بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىشقا قاتناشساق بۇ ئاتمىش يىل ئوقۇغان نامازدىن ئەلا بولسا، بۇ كىچىك دەرىجىمۇ؟ ”تۆگىنىڭ ئەمچىكىنى بىر قېتىم سېغىش“ قا كېتىدىغان ۋاقىت ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ يېرىم مىنوتتۇر. ئەنە شۇ يېرىم مىنوتلۇق مۇددەتتە بولسىمۇ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشقان ئادەم جەننەتكە كىرسە، جىھادنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى، ئاللاھ ئالدىدىكى شۆھرىتى قانچىلىك يوقۇرى بولىدىغانلىقى رۇشەن كۆرىنىپ تۇرمامدۇ؟

ئەمدى تېخىمۇ رۇشەن سۈرەتلەشنى، سۈپەتلەشنى، جانلاندۇرۇشنى بۇ ھەدىستىن كۆرەلەيمىز:

”**ئاللاھنىڭ يولىدا** (جىھاد مەيدانىدا ياكى كۈزەتتە) **بىر سائەت تۇرۇش قەدىر كېچىسى ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلغاندىن ياخشى**“ («ئىبنى ماجە»).

مۆمىن قېرىنداشلىرىمىزغا ئايانكى، مەسجىدىلھەرامدا ئوقۇلغان بىر رەكئەت ناماز باشقا جايدا ئوقۇلغان يۈزمىڭ رەكئەت نامازغا تەڭ. ئەمدى ”**قەدىر كېچىسى** (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) **مىڭ ئايدىن ئارتۇق**“ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمونى بويىچە مىڭ ئاي ئىچىدە ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ سانىنى يۈزمىڭغا كۆپەيتسەك يوقۇرىدا ۋەدە قىلىنغان ئەجرىنىڭ دەرىجىسى نامايەن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ سان ئاسترونومىيە سانلىرىدەك ئوقۇش مۇمكىن بولمايدىغان كۆپ ساندۇر. بۇنىڭ ئۈستىگە ”ھەجەرۇلئەسۋەد“[1] نىڭ مۇقەددەسلىكى قوشۇلسا، ئاللاھنىڭ مۇجاھىدلارغا ئاتا قىلغان دەرىجىسىنىڭ بۈيۈكلىكىنى ئاجىز تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغدۇرالماي قالىمىز. يەنە باشقا تەھلىل ۋە

[1] كەئبىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇلۇڭىغا قويۇلغان، كۆكتىن چۈشكەن تاشتۇر. ھەجدە ھاجىلار كەئبىنى تاۋاپ قىلغانلىرىدا ھەر ئايلىنىپ ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيىدۇ (ئۇزاقتىن ئايلانغانلار سۆيۈش ئىشرىسى قىلىدۇ).

مۇلاھىزىلەرنى ئوقۇرمەن مۆمىنلەرگە قالدۇرىمىز. ئەمدى بۇ ھەدىسلەرگە دىققەت بېرىڭ:

**"ئاللاھ كىمنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ يولىدا** (جىھادتا) **ياردار بولغانلىقىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ يولىدا ياردار بولغانلار قىيامەت كۈنىدە جاراھەتلىرىدىن قان ئېقىۋاتقان ھالدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېلىدۇ. ئۇ** (جاراھەت) **تىن ئېقىۋاتقان (سۇيۇقلۇق) نىڭ رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ"** («بۇخارى»، «مۇسلىم»).

**"جەننەتكە كىرگەن كىشىلەردىن** (پانى) **دۇنياغا قايتىشنى ھېچبىرى ئارزۇ قىلمايدۇ؛ لېكىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان شېھىد ئاللاھ بەرگەن مۇكاپاتلار** (نىڭ كۆپ ھەم ئېسىللىكى) **نى كۆرۈپ، دۇنياغا قايتىپ ئاللاھ يولىدا ئون قېتىم قايتا شېھىد بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ"** («مۇسلىم»، «بۇخارى»).

بىر ئادەم رەسۇلۇللاھتىن سورىدى: "قايسى شېھىد ئەۋزەل؟"، رەسۇلۇللاھ: **"ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ سېپىدە ئارقىغا بۇرۇلماستىن جىھاد قىلىپ شېھىد قىلىنسا ئۇ كىشى جەننەتتە ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك راۋاقلاردا بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا قاراپ خوش بولۇپ كۈلىدۇ. ئۇلاردىن** (پانى دۇنيادىكى قىلمىشلىرىدىن) **ھېساپ ئالمايلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ"** («ئىمام ئەھمەد»، «مۇسنەد شېرىف»).

**"شېھىدلەرنىڭ جانلىرى نۇر چېچىپ تۇرىدىغان يېشىل قۇشنىڭ قۇرسىقىدا، ئەرشتە خوشال ئوينايدۇ؛ نۇرلۇق ھالەتتە جەننەتنىڭ خالىغان يېرىدە يۇرىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نۇرىنى كۆرسىتىدۇ: 'يەنە باشقا نېمىنى ئارزۇ قىلىسىلەر؟' دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ‹بىز بەك خوشال ياشاۋاتىمىز› دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئاللاھ ئۈچ قېتىم: ‹باشقا ھاجىتىڭلار بارمۇ؟› دەپ سورايدۇ. ئۇلار ئاخىرىدا: ‹بىزنىڭ جېنىمىزنى تېنىمىزگە قايتۇرۇپ بەرسەڭ، بىز يەنە بىر قېتىم جىھاد قىلىپ، شېھىد سۈپىتىدە ئالدىڭغا كەلسەك› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ باشقا نەرسىگە ھاجىتى**

يوقلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ‹ئەمدى سىلەر خوشال ئويناڭلار› دەيدۇ“ («مۇسلىم»).

”ئاللاھنىڭ يېنىدا شېھىدلەرگە يەتتە خىل مۇكاپات تەييارلانغان بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئۇ كىشىنىڭ تۇرار جايى جەننەتتە بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئىماندىن ئىبارەت زىننەت كېيىمى بىلەن زىننەتلىنىدۇ. تۆرتىنچى، ئۇنىڭغا ھۆر - پەرىلەر جۈپلەپ قويۇلىدۇ. بەشىنچى، ئۇ كىشى قەبرە ئازابىدىن خالى قىلىنىدۇ. ئالتىنچى، قىيامەت كۈنى ھىساپ مەيدانىدا ھەممە يىغا - زار قىلىشىدۇ، ئۇ كىشى ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولىدۇ؛ ئۇنىڭ بېشىغا ياقۇتتىن ياسالغان ھۆرمەت تاجلىرى كېيدۈرۈلىدۇ (بۇ تاج پۈتۈن دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئارتۇق) ۋە يەتمىش جۈپ ھۆر قىز جۈپلەپ قويۇلىدۇ. يەتتىنچى، ئۆزىنىڭ تۇققانلىرى (يېقىن كىشىلىرى) دىن يەتمىشنى دوزاقتىن قۇتقۇزۇپ چىقىشقا ئىجازەت بېرىلىدۇ“ («جەمئى تىرمىزى»).

”ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارنىڭ مىسالى پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇزمەي روزا تۇتقان ۋە ئۇزمەي (كېچە - كۈندۈز) ناماز ئوقۇغان ئادەمگە ئوخشاش. ئاللاھ (ئاللاھ يولىدا) جىھاد قىلغان كىشىنى ئۆلۈپ كەتسە سۇئال - سوراقسىزلا جەننەتكە كىرگۈزۈشكە، تىرىك قالسا ھىساپسىز ئەجىر ۋە مال - مۈلۈك بىلەن قايتۇرۇشقا كېپىل بولدى“ («بۇخارى»).

”... جەننەتتە يۈز دەرىجە بولىدۇ. ئاللاھ ئۇ دەرىجىلەرنى مۇجاھىدلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان. ھەر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان - زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا دۇئا قىلساڭلار جەننەتۇل پىردەۋسنى تەلەپ قىلىڭلار، پىردەۋس دېگەن جەننەت ئاللاھنىڭ (ئەرشىنىڭ) تەختى ئاستىغا جايلاشتۇرۇلغاندۇر“ («بۇخارى»).

”جەننەتتە خوشال ياشاۋاتقانلار ئىچىدە شېھىدلەردىن باشقا ھېچكىم دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ شېھىدلەرنى ئەڭ ئالى

**ئورۇن بىلەن مۇكاپاتلىغاندۇر. شېھىدلەر ئۇ مۇكاپاتنى كۆرگەندىن كېيىن دۇنياغا قايتىپ يەنە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ قايتا شېھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ جەننەتتە بىر ئوقيا ئوقىنىڭ ياكى قامچا دەستىسىنىڭ ئورنىچىلىك يەرنى بىر كىشىگە نېسىپ قىلىشى بۇ دۇنيادا ئۇ كىشىگە پۈتۈن دۇنيانى بەرگەندىن ياخشىدۇر. ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بىرسى دۇنياغا چىقسا ئۇ كىشىنىڭ يۈزىدىكى نۇر پۈتۈن دۇنيادىكى نۇرنى يۇتىۋېتىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ خوشپۇراقلىرىدىن پۈتۈن يەر يۈزى ئەنبەردەك ئۆتكۈر خۇشپۇراققا تولىدۇ**"(«بۇخارى»).

جىھادنىڭ دىنى ئىسلامدىكى مۆلچەرلىگۈسىز ئۇلۇغ خىزمەت ئىكەنلىكىنى يەنە شۇ ھەدىس ئارقىلىقمۇ ھىس قىلىش مۇمكىن: "**ئاللاھ تائالا بىر دانە ئ.وقنىڭ سەۋەبىدىن ئۈچ خىل ئادەمنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ: بىرىنچى، ئوقنى ياسىغۇچى** (ئۇنى ياساشتا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان بولسا)؛ **ئىككىنچى، ئاشۇ ئوقنى ئاتقۇچى** (جىھاد قىلغۇچى)؛ **ئۈچىنچى، ئوقنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچى**" («ئەبۇ داۋۇد»، «تىرمىزى»).

جىھادنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر مۆمىنلەر ئۈچۈن جىھادنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئىنتايىن ئوچۇق، ئىنتايىن رۇشەن ھالدا كۆرسىتىپ تۇرغىنى ئۈچۈن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى قىسقارتىپ، قېرىنداشلىرىمىزنى چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرۈشكە تەۋسىيە قىلىمىز.

# بەشىنچى باپ

# جىھادنىڭ تۈرلىرى

جىھاد قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟ جىھاد – ئەسلى مەنىسى بويىچە كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش – كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش دېمەكتۇر. ئۇ ھالدا كاپىرلارغا قارشى ئاشكارە قوراللىق كۆرەشكە قاتناشقۇچىلارلا مۇجاھىد بولسا بولاتتى. لېكىن، ئىسلام دىنى ئىنتايىن ئىلمىي دىن بولغانلىقى، ئازماس ئاللاھنىڭ كائىناتقا ھەرىكەت مىزانى قىلىپ بەلگىلىگەن ھەق دىن بولغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەقىلغە ئۇيغۇن، ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق بولغانلىقىدىن جىھاد يولىدىكى باشقا تۈرلۈك ئىشلارنى ھەم جىھاد ھېساپلاش، بۇ ئارقىلىق ھەم ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن – جىھاد مەيدانىنى ھەرتۈرلۈك ياردەمگە ئىگە قىلىش، ھەم جەڭگە چىقىشقا ئىمكانىيىتى يوق، ئەمما كۆڭلىدە چىققۇسى بار مۆمىنلەرنى قولىدىن كېلىدىغان باشقا ئىشلارغا سەپەرۋەر قىلىش بىلەن، ئۇلارنىمۇ ئالى دەرىجىگە ئىگە قىلىش كۆزلەنگەن: **”مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن، تىلىڭلار بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىڭلار“** («ئەبۇ داۋۇد»).

بۇ ھەدىستىن مەلۇم بولىدۇكى، جىھاد –جان بىلەن، مال بىلەن، تىل (ئەمرى ـ مەرۇف، تەشۋىقات، ئىلىم ئارقىلىق) بولىدۇ. ئۇنداقتا، جىھاد كەمبەغەللەرمۇ باھانە كۆرسىتەلمەيدىغان، بايلارمۇ ئۆزىنى قاچۇرالمايدىغان، ئىلىملىكلەرمۇ ئۆزر بىلدۇرەلمەيدىغان،... ئومۇمخەلقنىڭ ھەركىتى (كۆرىشى) دېمەكتۇر. ئۇ مەلۇم سىنىپ ياكى تەبىقىگە خاس بولماستىن، ”مەن مۇسۇلمان“ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە مەجبورىيەتتۇر. جىھاد شۇنداق تەكىتلىنىدىغان پەرزكى، جىھادقا ئۆزرلىك

مەجرۇھلار پەقەت جەڭگە چىقماسلىقىلا مۇمكىن. چۈنكى جىسمانى ئەيىپ پەقەت بىرخىل ياكى ئىككى خىل جىھاد يولىدىن توسىيالىشى مۇمكىن؛ لېكىن ئۇ باشقا ئىمكانىيەتلىرىنى يەنىلا ئىشقا سېلىشى لازىم. مەسىلەن، بىر ئادەم جىسمانى جەھەتتىن ئاجىز بولسىمۇ، ئەقلى نورمال بولسا ئەقلى - تىلى ئارقىلىق جىھاد قىلالايدۇ. باي بولسا پۇل - مېلى ئارقىلىق جىھاد قىلالايدۇ (جىھادقا ئىقتىسادى ياردەم بېرەلەيدۇ). ئۆزر پەقەت ئەقلى بىنورمال — روھى كېسەللەرگىلا خاستۇر. چۈنكى، بىر ئادەم ھەم باي ئەمەس، ھەم جىسمانى جەھەتتىن كېرەكسىز بولسا (ئەقلى نورمال بولسىلا) دىلىدا دۈشمەنگە قارشى ھىسسىياتتا بولسا، مانا شۇ ئۇنىڭ ئىمكانىيىتىگە يارىشا جىھادتۇر.

رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ): ”**ھەرقانداق ئادەم مۇنكەر** (شەرىئەتكە خىلاپ) **ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىۋەتسۇن** (ھەرىكەتتى ئارقىلىق توغرا يولغا بۇرىۋەتسۇن)، **ئەگەر قولى بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىشكە كۈچى يەتمىسە** (شارائىتى يار بەرمىسە) **تىلى بىلەن** (ئەمرى - مەرۇف ئارقىلىق) **ئۆزگەرتىۋەتسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە** (شارائىتى يار بەرمىسە) **دىلى ئارقىلىق قاتتىق نارازى بولسۇن...** “ («مۇسلىم») دېگەنىدى. بۇ ھەدىس بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ھېچقانداق جىسمانى ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغان، تىلىمۇ بولمىغان، بايلىقىمۇ بولمىغان ئادەملەر (ئەقلى نورمال بولسىلا) دىلىدا مەيدانىنى ئىپادىلىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسى، كۆڭۈلدىن كەچكەن ئوي - خىياللارمۇ ئاللاھقا رۇشەندۇر، ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

بۇ پىرىنسىپلارغا كۆرە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۆزرلىكلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىدىكى ئىمكانىيەتلەر بىلەن دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىشلىرى كېرەك!

جېنى بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ نىمىنى كۆزدە تۇتىشى كۆپچىلىككە مەلۇملۇق بولغاچقا بۇ ھەقتە توختالمايمىز. پۇل - مېلى بىلەن جىھاد قىلىش ۋە تىلى ئارقىلىق جىھاد قىلىش توغرىسىدا چۈشەنچىلەر

ھەرخىل، قاراشلار مۇجمەل بولغاچقا، بۇ نوقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش نۆۋەتتە ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئالدى بىلەن ۋەتىنىمىزدىكى جىھادلار (ئىنقىلاپلار)، ئىنقىلاپچىلار (مۇجاھىدلار) ۋە ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالى ئۈستىدە ئازراق توختالماق، بولۇپمۇ كوممۇنىست ھاكىمىيىتى دەۋردىكى ئىنقىلاپلىرىمىز ۋە ئىنقىلاپچىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى، ئىجتىمائى ـ سىياسى مۇھىت، ئىقتىسادى مۇھىد، خىتاي كوممۇنىستلىرى پەيدا قىلغان مەنىۋى كەيپىيات — ئومۇمى سوتسىيال ئاتموسفىرا ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

كوممۇنىستلار — بىر جۈملە سۆز بىلەن سۈپەتلىمەك كېرەك تېپىلسا ۋاپاسىز، يالغانچىلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن، تەبىئى ۋە ئىجتىمائى قانۇنىيەتلەرگە خىلاپ بولغان قۇرۇق مەپكورىسىنى ھەممە ئەمەلى نەرسىلەردىن، قانۇنىيەتلەردىن ـ ماددىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەت تەرىپىدىن رەسۋاسى چىقىپ تۇرسىمۇ قىلچە خىجىل بولماستىن ھېلىقىدەك "ئۇلۇغۋار قۇرۇق گەپ" لىرىنى بازارغا سېلىشتىن ئېرىنمەيدۇ، زېرىكمەيدۇ. مەسىلەن: ئىنسانلارنىڭ تۇغما مەنپەئەتپەرەستلىك، شۆھرەتپەرەستلىك (ئومۇمەن، شەخسىيەتچىلىك) تۇيغۇسى (تەبىئى قانۇنىيەت) غا قارشى ھالدا ئاتالمىش "قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش" دېگەن قۇرۇق شۇئارىنى دەسسىتىۋالىدۇ. قارىماققا بۇ قالتىس ياخشى ئىش، ئاڭلىماققا يېقىملىق ۋە توغرا، ئەمما كوممۇنىست باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇخىلدىكى چىرايلىق گەپلەردىن تۈزۈلگەن شۇئارىغا ئۆزلىرى باشلامچىلىق بىلەن خىلاپلىق قىلىدۇ. ئوتتۇز يىللاپ ئومۇمۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدە چاقىرىقلار، خىتاپلار، "باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان — ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلىگەن" قەھرىمان ئۈلگىلەر يېڭىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئىجتىمائى، ئىقتىسادى تەرەققىيات بىر ئىزدا توختاپ قالدى. ھەممە ئادەم كوممۇنىستلارنىڭ

نومۇسسىز يالغانچىلىقىنى، چاقىرىقنى باشقىلارغا چىقىرىپ، ئۆزى ئۇنىڭ تەتۈرسىنى قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۇلارمۇ "جاھاننىڭ رەپتارىنى ئېلىپ"، شۇئار، خىتاپلارغا ئاغزاكى ئاۋاز قوشۇپ، "... قىلايلى!"، "... ئېتەيلى!" دەپ قويىسىمۇ، ھەرىكىتىدە "خوجام كۆرسۇن" گە ئىشلىگەچكە ئەنە شۇنداق بولدى. يەنى ھېچكىم "قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتنى كۆزلەپ" ئۆيىدىكى ئاشلىقتىن بىر ئۇچۇمنى ئېلىپ چىقىپ ئومۇمنىڭ خامىنىغا قوشۇپ قويغىنى يوق، ئەكسىچە ھەركىم بۇ "ئومۇمنىڭ" (ئەمەلىيەتتە كونكىرېت ئىگىسى بولمىغان) خامىنىدىن ئۆزىنىڭ "ئېپى" گە كۆرە ئېلىپلا تۇرغاچقا بۇ "خامان" زورايمىدى (ۋە زورايمايتتى)! ھېچ ئادەمنىڭ قۇرسىقى تويمىدى، بەرىكەتمۇ يوقىدى. قىش ـ ياز، قار ـ يامغۇر دېمەي ئىشلىسىمۇ ئىش تۈگىمەيتتى، ئەمما بىر قۇرساقنى باققىلى بولمايتتى. شۇ ھالدىمۇ كوممونىستلار قىلچە خىجىل بولماستىن: "مال باھاسى مۇقىم، بازارلار ئاۋات، خەلق تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانماقتا" دەپ بىلجىرلايتتى.

مانا بۇ كوممونىستلارچە – تەبىئى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە قارشى بىنورمال مەپكورىنىڭ نەتىجىسىدۇر.ئۇلارنىڭ ئاتالمىش "پارلاق 3-ئومۇمى يىغىن" دىن كېيىن مەلۇم دائىرىدىكى خۇسۇسلاشتۇرۇشنىڭ غايەت زور نەتىجىسى كۆرۈلۈپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىن خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ تۈغما تەلۋىلەر (تېخىمۇ توغرىراقى، داپشاق، قېلىنلار) يەنىلا ئۆز مەنتىقىسى بويىچە پىكىر قىلىپ، بۇ — ئەمەلىيەتنىڭ نەتىجىسى — نى، تەبىئى ۋە ئىجتىمائى قانۇنىيەتلەردىن تۈغۇلغان پۈلاتتەك دەلىلنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، "پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە..." (بولدى) دېيىشتى. يەنى بۇ پاكىتتىن پۈتۈنلەي تەسكىرى بىر "ئاساس" نى ئىسپاتلاشتا پايدىلىنىشقا ئۇرۇندى. تېخى ئۇلار بىرەر باي بولغان ئادەمنى تونۇشتۇرسا سۇنئى ھالدا بىر "باي بولۇش

تەجرىبىسى“ قوراشتۇرۇپ چىقىدۇ. رىپېتىسىيەدىن ئۆتكەن ساختا بىر كۆرۈنۈشتە مۇخبىر سورايدۇ: ”سىز باي بولۇشتا نېمىگە تايىنىدىڭىز؟“، ”ئالدى بىلەن (؟) پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە — سىياسەتكە تايانىدىم، ئاندىن،...“ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، ھېلىقى تەجرىبە سۆزلىگۈچى باي، ئۆگىتىلگەن فورما بويىچە. بۇ قىلىقلاردىن ئۆلارنىڭ نەقەدەر نومۇسسىزلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا نەدە كوممونىست تۈزۈمى بولسا شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى تۆۋەن، بۇ بىر پاكىت! لېكىن كوممونىستلارغا بۇنى دېسىڭىز بۇنىڭغا يەنە قۇرۇق گەپ دۆۋىلىرى ئارقىلىق جاۋاپ بەرمەككە ئۇرۇنىدۇ. مەسىلەن (باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئوخشا ئىرق، ئوخشا ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئاساسىدىكى، پەقەت تۈزۈمى ئوخشىمايدىغان بىرقانچە دۆلەت ۋە رايوننى سېلىشتۇرساق بۇ تېخىمۇ رۇشەن بىلىنىدۇ): جەنوبى ۋە شىمالى كورىيە؛ (سابىق) شەرقى ۋە غەربى گېرمانىيە؛ خىتاي ۋە تەيۋەن؛ خىتاي ۋە خوڭكوڭ؛ خىتاي ۋە سىنگاپور... بۇ سېلىشتۇرۇلغان جايلارنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە ئوخشاش مىللەت ياشايدۇ. تارىخى، مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى ئاساسى، ئەقلى ئىقتىدارى ئوخشاش. پەقەت تۈزۈمى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادى سەۋىيىسى ئوخشاش ئەمەس. ئۇندىن باشقا كوممونىستلارنىڭ نومۇسسىزلىقى، خىجىللىق تۇيغۇسىنى يوقاتقانلىقى، رەزىللىكى، مۇستەبىتلىكىنى يەنە شۇنىڭدىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ھەر يىلى بىرىنچى ئىيولدىكى پارتىيە بايرىمى ئۈچۈن ئالدىن بىر - ئىككى ئاي نۇرغۇن ئادەم خىزمەتتىن ئايرىلىپ تەييارلىق قىلىپ، پارتىينى مەدھىيىلەيدىغان ناخشا - ئويۇنلارنى تەييارلايدۇ. ئىككى ئاي ئىچىدىكى نۇرغۇن ئادەم كۈچى، مالىيە ئىسراپچىلىقى نەتىجىسىدە كوممونىستلار خىزمەتچىلەرگە، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەزىپە تەرىقىسىدە ئۆزلىرىنى ماختىغۇزىدۇ. بۇ كونا زامانىدىكى پادىشالارنىڭ ئوردىدا بىر نەچچە مەدھىيىۋاز شائىرنى مائاش بېرىپ بېقىپ ئۆزىنى مەدھىيىلەتكىنىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، كۆلىمى جەھەتتە كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدۇ!

تەبىئى گۈزەل نەرسىلەرنىڭ پەرداز تەلەپ قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتكە ئاساسلانغاندا كوممۇنىستلارنىڭ بۇ قىلمىشى رەسۋالىقنىڭ باشقا بىر تۈرلۈك نامايەن بولىشىدۇر! قۇرۇق گەپكە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان كوممۇنىستلار بىر يىلى ھەر بىر ئوقۇغۇچى، ھەربىر ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىگە "پارتىيىنى سۆيىمەن" دېگەن تېمىدا "بىر نېمە" (شۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىقراق نام تېپىلمىدى) يېزىپ تاپشۇرۇشنى ۋەزىپە قىلغان. نوپۇسى ئىنتايىن كۆپ بولغان بۇ ئىمپىرىيىدە ھەر بىر ئادەم 1:16 لىك ئىككى ۋاراق، ھەر سەككىز ئادەم بىر تاختا قەغەز سەرپ قىلىپ كوممۇنىستلارنى سۈنئى مەدھىيىلەش ئۈچۈن كېتىدىغان قەغەز ھىساپلاپ چىقىلسا بۇ سان كىشىنى چۆچۈتىدۇ. بۇ قەغەز قىرغىزىستاننىڭ ئىككى يىللىق ئىستىمالىغا يېتىدۇ... مانا مۇشۇنداق تۈترۇقسىز قىلىقلار كوممۇنىستلارنىڭ قانداق بىرنېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتە بىر ئەينەك رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما كوممۇنىستلار بىلەن پولاتتەك پاكىت قويۇپ مۇنازىرە ئاچىسىڭىزمۇ، ئۇلار قۇرۇق گەپلەر بىلەن باشنى ئايلاندۇرۇپ، يەنىلا ئۆزىنىڭكىنى يورغىلىتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ خىجىللىق تۇيغۇسىنى يوقاتقانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. پاكىت شۇكى، خىجىللىق تۇيغۇسى ئىنسانغىلا خاس تۇيغۇدۇر. ئەمما كوممۇنىستلارنىڭ مەنىۋىيىتى ئىنسانغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئوتتۇز يىللاپ "بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاتالمىش ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى" نى تەنقىت قىلىش بىلەن شوغۇللاندى (بۇ پاكىت — ئىنسان تەبىئىتى بۇرژۇئازىيىگە خاس، كوممۇنىستلار بىلەن ئالاقىسى يوق، دېگەنلىكتۇر). ئەنە شۇنداق غەلىتىلىك نەتىجىسىدە كوممۇنىست تۈزۈمىدە ياشايدىغان ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلىق ئېڭى بۇزۇۋېتىلگەندۇر. دادىنى بالىغا، بالىنى دادىغا قارشى قويۇشتەك ئىنسانغا يات قىلىق: "ئۇزۇل - كېسىل پورۇلىتارىيات ئىنقىلاپچىلىرىغا خاس مەيدان ۋە نۇقتىئى نەزەر" دەپ مەدھىلەندى. "چەك - چېگرا ئاجرىتىش" شۇئارى بىلەن نۇرغۇن دادىلار خۇددى "ھاڭگا ئېشەك بالىسىغا ئىگە بولمىغاندەك"، "سىياسى مەيدانى

توغرا بولمىغان“ بالىلىرىدىن تاندى (تېنىشقا مەجبۇر بولدى)؛ نۇرغۇن بالىلار تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تۇردە (”كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان“) دادىلىرىدىن ”چەك - چېگرا ئاجراتتى“. دادىلار مەجبۇرلانغان بولسا، بالىلار ئالدانىدى. نەتىجىدە ئاستا - ئاستا شۇنداق بىر سىياسى كېلىمات شەكىللەندىكى، ئەگەر بىر دادا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئېغىز نارازى كەيپىياتتىكى گەپنى قىلسا، بالىلىرى قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنى ”پارتىيىگە“ (بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا خىتايغا) مەلۇم قىلىدىغان بولدى. ئەنە شۇنداق قىلىپ، كوممۇنىستلار ھىسياتلىق ئىنسانني ھىسسياتسىز ماشىنىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئادەملەر كوممۇنىستلاردەكلا ساختىپەز بولۇپ كەتتى ۋە بۇ خىل خۇسۇسىيەت جان بېقىش (ياشاش) ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ”رەپتارىغا كىرىۋېلىش“ تىن ئۆتۈپ، رەسمى (ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا) خۇسۇسىيەتكە — پىسخىك ئالاھىدىلىككە ئايلىنىپ كەتتى! ئۇزۇن مەزگىللىك ”قىزىل تېرورلۇق“ ۋەھىمىسى كىشىلەرنى بەك سەزگۈر، ھىلىگەر قىلىۋەتتى! بۇ خىل روھى ھالەت قان - قېنىغا سىڭىشىپ كەتتى! مەسىلەن: زادىلا قۇرسىقى تويمايدىغان دېھقاندىن بىرسى ئەھۋال سورىسا، ”شۈكرى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە...“ دەيدىغان؛ ئەمدىلا سېرىق قۇناق زاغرىسىدا چاي ئىچىپ چالا تويغان شائىر، زاغرىنىڭ يۇقى ئاغزىنىڭ چۆرىسىدە مانا مەن دەپ ماراپ تۇرسىمۇ پارتىيىنىڭ شەپقىتىنى، ئۇنىڭ ”پارلاق“ نۇرىدا ”جەننەت پاراۋانلىقى“ دا ياشاۋاتقانلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان؛ بىر ئائىلىدە بالىمۇ ئاچ، دادىمۇ ئاچ، ئانىمۇ ئاچ، ئەمما ھېچكىم جۇرئەت قىلىپ مۇشۇ رىئاللىقنى پەردازسىز ھالدا تىلغا ئېلىپ ھەسرەتلىنەلمەيدىغان، ئەكسىچە ئومۇمى ياسىما كەيپىياتقا ئۇيغۇن ھالدا پارتىيىگە مەدھىيە ياڭرىتىپ تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئەگەر بىرەر ئەركە بالا جۈرئەت قىلىپ، قۇرساق تويغىدەك زاغرىنىڭ يوقلىقىدىن داتلىسا، دادىسى تەنبىھ بېرىپ: ”ئاغزىڭنى يۇم! پارتىيە بولمىغان بولسا شۇمۇ يوقىدى، مۇشۇنداق گەپلەرنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولما! بېشىڭنى يەيسەن،

بولمىسا!” دەيتتى. بۇ خىل چەكلەش، بۇ خىل سىقىپ كۆندۈرۈش (ئەسلى نارازى بولۇشقا تېگىش نەرسىلەرگە قارىتامۇ غىڭ قىلدۇرماسلىق) —ئاڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدىكى باللاردا قانداق پسىخىك ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن؟ تەبىئىيكى، بۇ ئىنتايىن پاسسىپ بىرخىل خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ ۋە كوممۇنىستلارنىڭ مۇددىئاسىغا مۇۋاپىق بىرخىل گەپ قىلالايدىغان، گەپ ئاڭلايدىغان (ئەمما قارشىلىقنى بىلمەيدىغان) ”ئىشلەپچىقىرىش ھايۋانلىرى“ يېتىلىدۇ، ئەلۋەتتە! ھېچكىم ـ ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان، قورقانچاق، جۈرئەتسىز، قارشىلىق روھى سۇنغان، ھەممىگە كۆنۈككەن ۋە كۆنۈكىدىغان، ھەممىگە شۈكرى قىلىدىغان تەسلىمچى روھى ھالەت — ئومۇمى مىللى پسىخكا بولۇپ شەكىللىنىشكە يۈز تۇتتى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارىغاندا ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ بېشىدا سىياسى بېسىمدىن باشقا يەنە مىللى بېسىمنىڭ ئارتۇق چۈشكەنلىكى، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ بېشىغا يەنە دىنىي بېسىمنىڭ ئارتۇق چۈشكەنلىكى بولسا يوقۇرىقى پسىخىكىدا (پاسسىپ پسىخىكىدا) ئالاھىدە ”مىللى خاسلىق“ مۇ شەكىللەندۈردى. مانا بۇ ھال بىزنى بۆگۈنكى ”قۇللۇقتا كۆنۈكۈش“ مەنزىلىگە سۆرەپ كەلمەكتە! يەنە بىر تەرەپتىن يوقۇرىدا زىكرى كەچكەن ناچار تۈزۈم، كوممۇنىستلارنىڭ مەرتلىك تۇيغۇسىدىن مەھرۇم — خوتۇنلارچە كۆزى كىچىكلىكى تۇپەيلى، بىزنىڭ ئىقتىسادى ئاساسىمىز ئىنتايىن ناچار ئىدى. ئەگەر بىر ئادەم بەك ھىسسىياتلىق شائىر بولغان تەغدىردىمۇ قۇرسىقى ئاچ بولسا، ئۇ مەلۇم بىر شېىر ئۇستىدە ئەمەس، بەلكى قۇرساق مەسىلىسى توغرىسىدا باش قاتۇرۇشى مۇمكىن. ياشاشقا ئىنتىلىش تۇيغۇسى بارلىق جانلىقلارغا ئورتاقتۇر ۋە بۇنىڭ بىرىنچى شەرتى تاماق. تەبىئىيكى، ئاچقۇرساق ئادەمنى ئاللىقانداق گۈزەل ھەم ئۇلۇغ غايىلەر — مەسىلەن: ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى — توغرىسىدىكى گەپلەر قانچىلىك قىزىقتۇرار؟

شۇبھىسىزكى، ئاچ ئادەمنىڭ ئىنتىلىشى — (ھاياتنى ساقلاپ قېلىش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈن) تاماق خۇسۇسىدا بولىدۇ. نۆۋەتتىكى تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن غايىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ بولسا ھايۋانى ئىستەكتۇر (يەنى، ھايۋانلاردىمۇ بولىدىغان ئەڭ تۆۋەن تەلەپتۇر). كوممۇنىستلار ھۆكۈمرانلىقى خەلقنى ئەنە شۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان! شۇنداق ھايۋانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانكى، ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ھايات تەلەپلىرىدىن نېرىغا ئۆتەلمەيدىغان، نېرىسىنى ئويلىمايدىغان قىلىپ قويغان! ”بىكارچىلىقتىن رېۋىزىئونىزىم كېلىپ چىقىدۇ“ دېگەن ”بۈيۈك تەلىمات“ بىلەن خەلققە ”ئۇھ“ دىگۇدەك ئىمكانىيەت بەرمەي، ئۈنۈمسىز، نەتىجىسىز، ئەھمىيەتسىز، ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان بىھۇدە ئەمگەكلەرگە سېلىشى، ئەتىگەن ـ كەچتە ”دولقۇن“، ”سىياسى ئۆگىنىش“ دەپ توپلىۋېلىشى، سوتكىنىڭ قالغان ۋاقتى تاماق يېيىشكىمۇ ئاران ئۈلگۈرگەن ھالدا ئۇخلاش بىلەن ئۆتىشى — شۇ مەقسەتتە ھازىرلانغان ئىجتىمائى مۇھىتتىكى، خەلققە ئۆز ـ ئارا پىكىرلىشىش، دەرتلىشىش ئىمكانىيىتى بەرمەسلىك، تەپەككۇر قىلىپ، ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتا ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بىر خۇلاسىگە كېلىش پۇرسىتى بەرمەسلىكتۇر! ئاساسەن ئاچ ھەم ھارغىن بولغان ئىنسانلار ئازراق پۇرسەت بولسىلا قۇرساق غېمى ياكى ئۇخلىۋېلىش خىيالىدا بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

ماۋنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بەزى جايلاردا ”دولقۇن“ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاخىرى يوق ”ھاشار“، ئۈنۈمسىز ئوپچە ئەمگەكلەر تۈگىگەن بولسىمۇ، لېكىن، جەنۇپتىكى ئىككى ۋىلايەت يېزىلىرىدا تۈگىمەس ھاشار، ئەترەت باشلىقىنىڭ قۇلدارلارچە رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقى ئوخشاشلا داۋام قىلىپ كەلمەكتە. يېقىنقى مەزگىللەردىن بېرى مەيدانغا كېلىۋاتقان ئىنقىلاپ ھەرىكەتلىرىنى ”قۇرسىقى تويۇپ كېتىش“، ”بىكارچىلىقتىن“ كېلىپ چىققان دەپ تەھلىل قىلغان دۈشمەن، يەنە قايتىدىن بىر تالاي ”ئەمگەك“ لەرنى ئويلاپ تېپىپ، خەلقنى ھاشارغا

ھەيدەپ ”ئۇھ“ دېگۇدەك ماجالىنى قويمايدىغان بولىۋالدى. جەنۇپتىكى مەلۇم شەھەرنىڭ شەھەر ئەتىراپىدىكى ئىككى يېزا ھاشارغا ھەيدەلگىنىدە (بۇ يەردە تىجارەت خېلى راۋاجلانغان، تۇرمۇش سەۋىيىسى بىرئاز يامان ئەمەس بولغانلىقتىن) خەلقپەرۋەر بىر باي يۇرتداشلىرىنى ھاشاردىن ئازات قىلىش ئۈچۈن، كېتىدىغان ئەمگەك كۈچىگە پۇل چىقارماقچى بولغان. بۇنىڭ بىلەن تىجارەتتىكى ئادەملەر ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرەلەيتتى، ھەم ئىشسىزلار پۇلغا (ئىش ھەققىگە) ئېرىشەتتى. لېكىن، بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ سىياسەت بەلگۈلىگۈچى خىتاي بۇ خەلقپەرۋەر باينىڭ ”نېمە مەقسەتتە شۇنداق قىلماقچى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ باي بولۇپ، ئەمدىلىكتە پارتىيىنىڭ سىياسىتى بىلەن قارشىلاشقۇدەك بولغىنىنى“ قاتتىق سۈرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. ھەمدە بۇ توغرا، يوللۇق، شۇنداقلا پايدىلىق تەكلىپكە قارشى ھالدا: ”بىزگە پۇل كېرەك ئەمەس، ئەمگەك كۈچى كېرەك!“ دېگەن. بۇ ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، خىتايلار ئۇيدۇرۇپ چىقىرىدىغان تۈگىمەس ھاشارلارنىڭ ئارقىسىغا سىياسى غەرەز يوشۇرۇنغاندۇر. بۇندىن باشقا ئۆمرىدە ئېتىزلىققا چىقىپ بىرتال گىيا ئۈندۈرۈپ باقمىغان ”دېھقانچىلىق تېخنىكلىرى“ دەپ نام ئالغان بىكار تەلەپ بىرنېمىلەرنىڭ مەجبورى تۈردە ”تېخنىكا“ بىلەن تەمىنلىشى ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ھەمىشە مەغلوبىيەتلىك نەتىجە — ھوسۇلنى كېمەيتىۋەتكەنلىكتىن نامراتلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى، ھەممىسى نورمال ياكى تەسادىپى ئىشلار ئەمەس، بەلكى، سىياسى غەرەز ئۈچۈن ئالدىن پىلانلانغان نەيرەڭۋاز سۇيىقەستلىك ئىشلاردۇر.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا خىتاي سودىگەرلىرىنىڭ ھە دەپ ”غەربى شىمال بازىرى“ غا ئىچكىرىلەپ كىرىشى، توپ تارقىتىش بازارلىرى، تىجارەت شىركەتلىرى — كومپانىيەلەرنى قۇرۇشى، ئەسلىدىمۇ رىقابەت ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز بولغان يەرلىك خەلقنىڭ سودىسىنى كېرەكتىن چىقىرىپ، تەدرىجى ھالدا ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا قىستاپ بارماقتا ... يەر

سىلىقنىڭ ئېشىپ كېتىشى دېھقانلارنى يەرنى تاشلاشقا مەجبورلىماقتا. ياشاش يوللىرى خىتايلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي توسۇۋېلىنىپ، بىزنى ھالاكەتكە ئىتتەرمەكتە! مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە بايلار ئۆزلىرىنىڭ بايلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، ھەرقانداق ئىقتىسادى بوھرانمۇ مېنى يېقىتالمايدۇ، دەپ مىللى ۋەزىيىتىمىز (ياكى مىللى قىسمىتىمىز) گە ئۆزىنى ئالاقىسىزدەك ھىساپلىسا ئېغىر خاتادۇر! چۈنكى قۇرئاندا:

**”باللىرىڭلار، ماللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن سىناقتۇر! ...“** (سۈرە ”ئەنفال“ 28 ـ ئايەت) دېيىلگەن.

ئەمدى ئاساسى گېپىمىزگە — كوممۇنىستلار تەييارلىغان (بولۇپمۇ بىز ئۈچۈن تەييارلىغان) سىياسى كېلىمات، ئىقتىسادى ھالەت ۋە مەنىۋى كەيپىيات ئىچىدە خۇددى كېسەلدىن تۇغۇلغان مەجرۇھ بالىدەك ئىنقىلاپلىرىمىزنىڭ ”ئەي“ بولماسلىقىدىكى بىر قانچە سەۋەپلەر ئۈستىدە توختىلىمىز. ئەڭ مۇھىم سەۋەپلەر: نىيەتنىڭ تازا بولماسلىقى بىلەن جىھادنىڭ ئومۇمخەلق ھەركىتىگە ئايلىنالماسلىقى، مۇجاھىدلارنىڭ يېتىم قوزىدەك يىگانە ھالدا ئوتتۇرغا چىقىپ قېلىشى — خەلق تەرىپىدىن سۆيۈلمەسلىكى، ھىمايىگە ئىگە بولماسلىقى (خەلق ئارقا سېپىگە ئىگە بولالماسلىقى) دۇر. گەرچە كۆپچىلىكنىڭ ھىسسىيات جەھەتتە ھىسداشلىقى بولسىمۇ، ئەمىلىيىراق قوللاشقا جۈرئېتى بولماسلىقىدۇر. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرىنىڭ زورىيىش جەريانى، پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىدا پارتىزانلار بىلەن خەلقنىڭ بىر ـ بىرىنى قوللىشىدىن ھاسىل بولغان غايەت زور مەنىۋى قۇۋۋەتنى ئوبدان تەتقىق قىلغان ۋە بۇنىڭغا ئېرىشىش يوللىرى بىلەن ئېرىشەلمەسلىك يوللىرىنىمۇ ئوبدان بىلگەچكە بىزگە يوقۇرىدا زىكرى قىلىنغاندەك سىياسى كېلىمات ۋە مەنىۋى كەيپىياتنى ھازىرلىغان. ئەسلىدە تەشۋىقات ئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان نۇرغۇن نىشانلار ئوتتۇردىن قالغان، كەڭ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا ئىنقىلاپ

ئومۇمخەلق ھەركىتىگە ئايلىنالمىغان. خەلققە ھەقنى تونۇتۇش، خىتاي سىياسەتلىرىدىكى يوشۇرۇن غەرەزلەرنى چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيەتلىرىمىز بولمىغاچقا خەلق كوممۇنىستلارنىڭ ئىدىئولوگىيە ھۆجۇمىغا ئۇچۇراۋېرىپ، ئاخىرى قايمۇققان، ھەتتا ئادەملىك ئېڭى، نورمال پىكىر قىلىش ئىقتىدارىمۇ بۇزۇۋېتىلگەن. مەسىلەن: بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدىكى دېھقانلار تۇرمۇشىدا ئۇزۇن بىر زامان ئەڭ ناچار يېمەكلىك بىلەنمۇ تويۇنالماسلىق ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئۇلار نارازى بولۇشنى بىلمەس ھالغا كەلگەن ياكى كىمدىن ئاغرىنىشنى بىلمەيدىغان ھالغا كەلگەن (ھازىرغىچە ھەم نۇرغۇن خەلق ئۆز بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبچىسى خىتايلار ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ). ھەتتا بەزىلەر ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھاياتلىق شارائىتىدا ياشاۋاتقان بولسىغا قارىماي، شۇ كۈنى ئۈچۈن پارتىيىگە رەھمەت ئېيتىش روھى ھالىتىدە بولىدىغان غەلىتە بىرخىل دۆتلۈك، گاڭسالىق ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالغان. جەنۇپتىكى خېلى كۆپ يېزىلاردا يېقىنغىچە ئۆلتۈراقلاشقان خىتايلار بولمىغانلىقى، ئەمەلدارلار (تۆۋەندىكى كىچىك ئەمەلدارلار — ماھىيەتتە مالايلار) ئۆز قەۋمىمىزدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بەختسىزلىكلەرنىڭ تۈپ سەۋەبچىسى خىتايلار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش پۇخرالىرىمىز ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلغا سىغمىغىدەك بىر ئىش. چۈنكى ئۇلار ئاڭسىزلاشتۇرۇلغان، ھەقتىن يىراقلاشتۇرۇلغان خەلق ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى كىچىك بالىنى ئاخماق قىلغاندەك ئاخماق قىلىش ئاسان بولىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەتتا شۇنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالماس ھالغا كەلگەنكى، ھازىرقىدىنمۇ تۆۋەن تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان ئىنسانلار نەدە بار؟ كوممۇنىست خىتاي كەلمىگەن زامانلاردىمۇ ئەجداتلىرىمىز ياشىيالىغان ۋە بەلكى ھازىرقىدىن ياخشىراق ياشىيالىغانكەنمىشقۇ؟ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ خىتايلارسىز ئۆلۈپ قالماي ھازىرغا كەپتىكەنغۇ؟... دېگەننىمۇ ئويلاپ باققۇچىلىكى يوق ھالغا كېلىپ قالغان. مەنىۋى تۇرمۇشىمىزدىكى سىياسى ھاۋانىڭ قۇيۇقلىقى بىزنى گۇمانخور، ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان ھالغا

كەلتۈرۈپ قويغان بولسا، زىيادە نامراتلىق، ھەمىشە بۇرنىمىزغا پۇراپ تۇرغان ئاچ قېلىش خەۋپى بىزنى ئاچكۆز، بېخىل ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. نەتىجىدە ئىنقىلاپ ئۆچۈن كېرەك بولىدىغان ئىقتىسادى ۋە مەنىۋى قۇۋۋەت ھەل بولمىغاچقا، ھەمدە زور كۆپچىلىكنى ھەركەتلەندۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىقتىسادى ئاساس بولمىغان، تېخىمۇ مۇھىمى ئاللاھ رىزالىقىنى كۆزلەيدىغان— شەخسىيەتتىن خالى، ھەقىقىي خالىس نىيەت، توغرا ئەقىدىنىڭ بولماسلىقى بۇ ئىنقىلاپلارنى مەغلوبىيەتكە ئېلىپ بېرىشى مۇقەررەرلىك ئىدى، ئەلۋەتتە.

شۇنى تەكىتلەش ئارتۇق ئەمەسكى، كوممونىستلارنىڭ دىنغا قارشى مەپكورىسى خەلقنى ئەڭ بۈيۈك مەنىۋى تۈۋرۈكىدىن، خەۋپكە دۇچ كەلگەندە قوغدايدىغان مۇستەھكەم قورغىنىدىن ئايرىۋەتتى. ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى، جىھاد ھەققىدە سۆزلەشكە ئىمكان بولمىدى. كوممونىستلار ئاتالمىش دىنىي سىياسىتى ۋە ئىتىقاد ئەركىنلىكى بىلەن دۇنيانى ۋە بىزنىڭ خەلقىمىزنى ئالداۋاتقان بولسىمۇ، بۇ بىرخىل ۋاقىتلىق ئالدامچىلىق — "يولۋاسنىڭ تۈكىنى يېتىشغا سىلاش" ھىلىسى، چەتكە نىسبەتەن بىرخىل دىپلوماتىيە نەيرىڭى — "ھارۋۇدا توشقان ئېلىش" تاكتىكىسىدۇر. ئەمەلىيەتتە مەنىۋىيەتتىكى بەزى نەرسىلەر باركى، ئۇلارغا كەسكىن قارشى تۇرۇش چوڭ بالا- قازا كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن! مەسىلەن: كوممونىستلارنىڭ ئاخىرقى ھىساپتا دىن بىلەن كېلىشەلمەيدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇنى بۈگۈنلا بىر بويرۇق بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ ئاياندۇر. ئۇنداق بولمىغاندا "يولۋاسنىڭ قويرۇقىغا دەسسىۋېلىش" ئاقىۋىتى يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىدا دىنىنىڭ تۇتقان ئورنى تاماقتا ئوخشاشلا زۆرۈرىيەتكى، ئۇنىڭسىز ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار بىر پەرۋانىكى، ئۇلار نۇرغا ئاشىقتۇر. شۇڭا، كوممونىستلار بىردىنلا چەكلىۋېتىشتىن كۆرە خىرەلەشتۈرۈش (يەنى پەرۋانە ئىنتىلىدىغان نۇرنى — چىراقنى خىرەلەشتۈرۈش) تاكتىكىسى

ئىشلىتىشنى مۇۋاپىق تاپتى. بۇنىڭدا ئۇ بىرىنچىدىن ”پارلاق دىنىي سىياسەت يۈرگۈزگۈچى ئادالەتلىك پادىشاھ“ تاجىنى، ”دېموكراتچى“ تاجىنى، ”كەڭ قۇرساق“ ئۇنۋانىنى قازىنىش بىلەن بىللە خەلقئارادا ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان دېپلوماتىسىيىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ھالدا ئوخشاشلا يوقۇتۇش نىشانىغا يېتەلەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ”سىياسى كېڭەش“ ئارقىلىق دىنىنى كونترول قىلىۋېلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئۇچۇن خەۋپلىك بولغان دىنىنى ”كۆندۈرۈلگەن يولۋاس“ ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ھە دەپ: ”ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنى ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش“ تىن ئىبارەت چىرايلىق تون بىلەن ياۋۇز نىيەتلىرىنى پەردىلىيەلەيتتى. ئۇلار توپلىۋالغان موللىلار — دىن دۈشمەنلىرى — ئۇلارنىڭ سىياسى ئېھتىياجىغا ماسلاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن خىتايلار جاسۇسلار ئارقىلىق خەلق ئىچىدە بىدئەد قىلىقلارنى كېڭەيتىپ، ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، دىنىنى سۇسلاشتۇرۇش ھۇجۇمىنىڭ ”پارتىزانلىق ھەركىتى“ نىمۇ بوش قويۇۋەتمىدى. تەبىئىكى، توغرا يولدىن چەتنىگەن ئادەمنى كولدۇرلىتىش بەكمۇ ئاسان.

تېخىمۇ كونكرىت قىلىپ ئېيتقاندا مەلۇم ئادەمنىڭ ئېڭىدا خىتايلارنىڭ زۇلمى تۇپەيلى ئۇيغۇنۇش بولغان بولسا ئۇ بىر قانچە يېقىن بۇرادىرىگە دىيەلەيدۇ (ھەتتا بەزىدە ئاشۇ بىر قانچە يېقىنلارنىڭ ئىچىدىنمۇ ساتقىنلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن). ئەنە شۇ ھالدا بۇ بىر گۇرۇپپا شۇ بىر نەچچە ئادەم بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ھەم تەشۋىقات ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا كېڭىيەلمەيدۇ؛ ھەم گۇمانخورلۇق بىرخىل قورقۇنۇچلۇچ ۋىروستەك ئارىمىزغا تارقاپ كەتكەچكە ئۆزئارا ئىشەنچ مەسىلىسىمۇ بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. دېمىسىمۇ بۇخىلدىكى پىكىرلەرنى كۆرگەنلا بىرسى بىلەن ئورتاقلىشىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپچىلارنىڭ (مۇجاھىدلارنىڭ) ”يېتىمچىلىك“ ى باشلىنىدۇ. گەرچە نۇرغۇن ئۇقۇمۇشلۇقلىرىمىز مۇناپىقلارنى يوقۇتۇش، خەلقنى ئۆلۈمگە ”كۆنۈكتۈرۈش“ (ئۇرۇشتىن، قاندىن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان

روھى كەيپىيات يارىتىش) ئارقىلىق، ھەم خەلقتە پىداكارلىق روھ ئويغىتىش، ھەم خىتايغا ياردەملىشىدىغان ساتقىنلارنى چەكلەش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئىنقىلاپچىلار ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، خىتايلارنىڭ ئىقتىسادى نىشانلىرىنى ۋەيران قىلىشقا ئانچە جۈرئەت قىلالمىدى. بۇخىل جۈرئەتسىزلىك، ئىككىلىنىش، تەۋرىنىش بىلەن قىلىنغان ھەربىكەت ھامان پالاكەت ئادەمنىڭ ئىشىدەك ئاسانلا چىنىپ قالدى (چۈنكى ئىشەنچىسىزلىك بىلەن قىلىنغان ئىش ھامان مۇكەممەل بولمايدۇ). قىلغان ئىشقا نىسبەتەن قۇربان بېرىش زور بولۇپ، روھىمىزنى تېخىمۇ چۈشۈرىۋەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئىنقىلاپچىلار ئۆلۈمدىن قورقتىمۇ؟ ياق، ئەگەر ئۇلار ئۆلۈمدىن قورققان بولسا بۇ يولغا كىرمىگەن بولاتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەپ، يوقۇرىدا تەكىتلىگىنىمىزدەك، ئەقىدە مەسىلىسىدىن باشقا، ياردەمسىز يېتىم قېلىشتۇر. ئۆزىدىن كېيىن بولسا ئائىلە، بالا- چاقىسى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ پالاكەتچىلىككە قېلىشىدىن ئەنسىرەشتۇر. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىقتىسادى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئەقىدە بۇزۇلغان، مىللى روھ سۇنغان ئىجتىمائىيەت ئىچىدە قانداق بولىشى ئىنقىلاپچىلارنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغانلىقىدۇر. ئەگەر بىر مۇجاھىد (ئىنقىلاپچى) قولغا ئېلىنسا ياكى قەتلى قىلىنسا خەلقىمىز ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئۆز قوينىدا تۇتىدىغان، ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان بولسا ئىدى، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ ئەۋلادىغا قارىغاندەك قاراشتا بولسا ئىدى، ئۇ مۇجاھىد ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىقتا تېخىمۇ ئۇزۇل - كېسىل بولالايتتى. لېكىن، يوقۇرىدا زىكرى قىلىنغان ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە شۇ مۇھىتتا ئايرىدە بولغان بۇزۇق ئاڭ، بۇزۇق ئەقىدە تۈپەيلى بىزدە ئەنە شۇ مۇجاھىد (ئىنقىلاپچى)نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش تۇيغۇسى ئومۇمى ھال بولۇپ قالغان. ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە! بىر سىياسى مەھبۇس تۈرمىدە 20~30 يىل ياتسا (چېتىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ) ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا ھېچكىم ئۇنى يوقلىمايدۇ (ھەتتا بەزى

ئەھۋاللاردا ئائىلىسىنىڭ بىرقىسمى، مەسىلەن: ئايالى تاشلىۋېتىشى مۇمكىن). ئۇنىڭ كامىردىشى (ئوغرى، قاتىل ياكى باسقۇنچى) نى بولسا يوقلايدىغان دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ ھال سىياسى مەھبۇسنىڭ روھى ھالىتىنى بۇزىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇجاھىد بولماقلىق بىلەنلا پولات بولىشى مۇمكىن ئەمەس، يەنىلا قان بىلەن گۆشتىن پۈتكەن، ھىس ـ تۇيغۇغا ئىگە ئادەم، ئاجىز ئىنسان بولغاچقا تاشقى مۇھىت ئۇنىڭ روھىدا تەۋرىنىش پەيدا قىلماي قالمايدۇ. تەبىئىكى، ئۇلارنىڭ كۆپ بىر قىسمى: ”بۇ ۋاپاسىز خەلقنى دەپ ئائىلەمنى ۋەيران قىلغان ئىكەنمەن، ئۆزەمنى ۋەيران قىلغان ئىكەنمەن...“ دېگەندەك بۇزۇق پىكىرلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە، روھى ھۇجۇملار ئاستىدا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراقسىز قالغان ئائىلىدە ئىقتىسادى بوھران ھۆكۈم سۈرگەچكە ئائىلىدىن كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر كېلىپ ئۇنى روھى جەھەتتىن تېخىمۇ ئېزىدۇ. پۇل ۋە ئائىلىنىڭ بىرقىسىم يۈكىنى كۆتۈرۈش ئېھتىياجى ئۇچۇن باللار ئوقۇشىنى تاشلاپ جاھاندارچىلىق يولىغا كىرگەن،... ۋاھاكازا... تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشلاردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدىكى، تۈرمىگە كىرىپ چىققان سىياسى مەھبۇسلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئاينىپ كېتىدۇ. بۇنى پەقەتلا ئۇنىڭ ئۆزىدىن — ئەقىدىسى ئاجىز ياكى ساپ بولمىغانلىقىدىن دەپ قاراش ئانچە ئادىللىق بولماس، بۇنىڭدا ھەربىر مۆمىن ۋەتەندىشىمىزنىڭمۇ مەسئولىيىتى — جاۋاپكارلىقى بار!

دېمەك، قېرىنداشلىرىمىز مۇناپىق، ساتقىنلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قورقمايدۇ، ئادەتتە ئەرزىمىگەن بىر ئىش ئۇچۇن بىر ـ بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، خىتايلارنىڭ ”ئادىل بىر تەرەپ قىلىش“ ى بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىپ، ئىككى نوپۇسقا زىيان قىلىپ تۇرىمىز. پەقەت، مۇناپىقلارنى، خىتايلارنى ئۆلتۈرۈشتىلا ئەنە شۇنداق جۈرئەتسىز، ئەنە شۇنداق ”ئېغىر بېسىق“، ھەتتا نومۇسلۇق يېغىرىمىزغا تەگسىمۇ چىدايدىغان دەرىجىدە ”سالماق“. بۇنىڭدىكى سەۋەپ شۇكى، بىرسى ئادەتتىكى قاتىللىق ھىساپلىنىدۇ (سەزگۈرلىشىپ كەتكەن خەلق بۇنىڭ پەرقىگە يېتىپ، بۇ

جىنايەتچىنى يوقلاشتىن، ئائىلە ئەپرادىدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ). يەنە بىرسى، سىياسى تۇس ئالغان قاتىللىق (بۇنىڭدا يوقۇرىدا دېگىنىمىزدەك مۇجاھىد يېتىم قالىدۇ). خۇلاسە شۇكى، ئىنقىلاپنىڭ كېڭەيمەسلىكىدىكى سەۋەپ — قارشىلىق ئىدىيىسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭمۇ قۇرۇقتىن - قۇرۇق نارازى كوتۇلداشتىن باشقا ھېچ ئىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقى — ئۆزىمىزنىڭ توغرا دىنىمىزدىن چىقىپ كەتكەنلىكىمىزدۇر. دىندىن چىقىپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن، قارشىلىق ئىدىيىسى بارلارمۇ ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش روھىدا بولمايدۇ، بۇ دۇنيادىكى قىيىنچىلىقلارلا كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. مۇجاھىدلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تەييارلانغان مۇكاپاتلاردىن بىخەۋەر، يا بولمىسا ئۇنى كېيىنكى مۇكاپاتقا قارىغاندا مۇشۇ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بەكرەك قىزىقتۇرىدۇ. مانا بۇ ئۈزۈل - كېسىلسىزلىك بىزنى ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن خەلقتە توغرا ئەقىدە بولمىغانلىقتىن ئىنقىلاپچىلارنى (مۇجاھىدلارنى — ئومۇمەن خىتايغا قارشى كۈچلەرنى) قوللاش روھى يوق. ھەتتا خېلى كۆپ ئادەملەر خىتاي كوممونىستلىرىنىڭ رېئاكسىيون تەشۋىقاتى بىلەن قايمۇقۇپ ئۇلارنى يامان ئادەملەر بولسا كېرەك دېگەن تونۇشتىمۇ بولماقتا (كېيىنكى چاغلاردا خىتايلار بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ سىياسى تۈسىنى يېپىپ، خەلقنى ئالداش ئۈچۈن، سىياسى مەھبۇسلارغا زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىسى، ئوغرى، قىمارۋاز،... دېگەندەك بەدناملارنى چاپلاپ يوقۇتىدىغان بولىۋالدى). ئۇلار ئاللاھتىن ئەمەس، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن قورققاچقا ئاللاھنىڭ توغرا دىنى ئۈچۈن ياردەم بېرىش مەجبورىيىتى ھىس قىلمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ دىلىدا توغرا ئەقىدە بولۇپ، ياردەم قىلىش نىيىتىلا بولىدىكەن، خىتايلارنىڭ جاسۇس - پايلاقچىلىرىغا سەزدۇرمەي ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتىنى تاپماي قالمايدۇ.

خىتايلارغا قارشى كۆرەشلىرىمىز ۋە كۆرەشچىلىرىمىزنىڭ ئومۇمى قىيىنچىلىق ئەھۋالى توغرىسىدا توختالدۇق. ئومۇمخەلق ھەركىتىگە ئايلىنالماسلىق مەغلوبىيەتلىرىمىزنىڭ سەۋەبى بولسا، دەل شۇنىڭ ئەكسى — ئومۇمخەلق ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇش—غەلىبە يولىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن توغرا دىنى ئەقىدە تىكلىنىشى لازىم (چۈنكى بۇ — مەسىلىنىڭ ئاساسى). شۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد —پەقەت دۈشمەن بىلەن تىغمۇ - تىغ كۆرەش قىلىشلا ئەمەس (جان بىلەن جىھاد قىلىشلا ئەمەس)، ئالدى بىلەن ئۆز نەپسى - خاھىشىمىز — مەنپەئەت، قورققاقلىق (جاننىڭ تاتلىقلىقى) ۋە باشقا شەخسىيەت ئامىللىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ، بىر ئاڭ فورمىسى (نۆۋەتتە بىز ئۈچۈن دىنى ئېتىقاتتىنمۇ مۇۋاپىقراقى يوق) ئاساسىدا خالىس كۆرەش روھى تىكلەش؛ ئاندىن باشقىلارغا قارىتا توغرا دىنىي ئېتىقاد تەرغىباتى ئېلىپ بېرىش يەنە بىرخىل جىھاد بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. پۇلى بارلارنىڭ كۆرىشىمىزنى ۋە كۆرەشچىلىرىمىزنى (ئۇلارنىڭ ئائىلىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قوللىشىمۇ ئوخشاشلا جىھادتۇر. چۈنكى ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەن: **”ھەرقانداق كىشى يەنە بىر كىشىنى جىھاد قىلىشقا تەرغىپ قىلسا ئۇ كىشى جىھاد قىلغان بىلەن ئوخشاش؛ ھەرقانداق بىركىشى جىھاد قىلغۇچىغا ئىقتىسادى ۋە باشقا جەھەتتىن ياردەم بەرسە ئۇ كىشى جىھاد قىلغان بىلەن ئوخشاش“** («بۇخارى»، «مۇسلىم»).

مۆمىن سۈپىتىدە جىھاد قىلىش — پەرزىمىز بولسىمۇ، جان كېتىشى، پۇل كېتىشىدىن قېچىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئاسىيلىق قىلدۇق. جان كېتىش، پۇل كېتىش — ئەمەلىيەتتە قۇرۇق باھانە، ئۆز - ئۆزىمىزنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئەگەر ئەقىدىمىز دۇرۇستلا بولسا، خىتايلارغا، مۇناپىقلارغا يۇرۇكىمىزنىڭ قات - قېتىدىن ئورۇن ئالغان نەپرەت بولاتتى. بۇ نەپرەت ھەرقاچان ئەمەلىيىتىمىزدە بىلىنىپ تۇرغان بولاتتى. يەنى بۇ نەپرەت بىزگە قارشىلىق بىلدۈرۈش يوللىرىنى كەشىپ قىلىش ئىلھامىنى ئاتا قىلاتتى ۋە بىز

ئىمكانىيىتىمىزگە يارىشا كۆرەش يوللىرىنى تاپاتتۇق. مەسىلەن: خىتايلارغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش، مۇناپىقلارغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش تامامەن ھەركىمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولۇپ، ئەڭ بىمەنە قانۇنىدىمۇ پالانىنى ھۆرمەت قىلىش، پۇستانىغا ئىھتىرام بىلدۈرۈش، پوكونىنى مېھمانغا چاقىرىش، سالام قىلىش بەلگىلەنمىگەن. شۇڭا خىتايلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئادەتتىكى تۇرمۇشتا بىرخىل سوغۇق قاراش، سالام- سائەت قىلىشماسلىق، تونۇشمايدىغاندەك مۇئامىلىدە بولۇش — بىرخىل كۆرەش شەكلى بولاتتىكى، بۇنى دۈشمەن بىرخىل قارشىلىق دەپ بىلسىمۇ، جىنايەت دەپ ئىسپات قىلالمايتتى.

ئۇ ھالدا مەلۇم بىر "سىياسى كېڭەش" نىڭ ئەزاسى بولمىش مولىلىنى ھېچقانداق سۇرۇنىمىزغا چاقىرمىساق، كېلىۋاتقىنىنى كۆرسەك تەتۈر قارىۋالساق، ئارىغا ئالمىساق،... يېتىم قالدۇرساق ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەندەكلا نەتىجە روي بېرەتتى، ئەمما "قاتىل" بولمايتتۇق. شۈبھىسىزكى ئۇ خىتايلار بىلەن قوشنىدارچىلىق، ئۈلپەتچىلىك قىلىپ ياشىيالمايتتى. "سىياسى كېڭەش" تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىمام ـ خەتىپلەرگىمۇ ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئىدى. خىتايلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلىرىدە قورچاق ئەمەلدار بولمىش مۇناپىقلارغا ھەم بۇ ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش تامامەن مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئىدى. لېكىن بىز ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىمىزنى يوقۇتۇپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن شەپقەت تاماقىلىش نەتىجىسىدە ئۇ "ئۇلۇغ" لار بىلەن ھۆرمەت ـ ئىھتىرام، ئىززەت ـ ئىكرام مۇناسىۋىتىدە بولۇشقا مەجبور ھالەتتە قالدۇق. يارامسىزلىقىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئەنە شۇنىڭدىن رۇشەن كۆرىنىپ تۇرۇپتىكى، ئاشۇنداق جان كەتمەيدىغان، مال كەتمەيدىغان، خەۋپ ـ خەتىرى بولمىغان كۆرەش شەكلىنىمۇ قوللىنىشقا جۈرئىتىمىز بولمايۋاتىدۇ. باشقا يوغان گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇشىمىز ئەلۋەتتە پوچىلىق ھەم لاۋزىلىق بولىشى تۇرغان گەپ! مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى

ئەقىدىسىزلىكتىن تۇغۇلغان ئىرادىسىزلىكتۇر! دۈشمەنگە — خىتايلارغا، مۇناپىقلارغا — قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئېنىق:

”(ئى مۇھەممەد!) **سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچ بىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن،** (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) **ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى“** (سۈرە «تۆبە»84 ـ ئايەت).

**”ئۇلار** (يەنى مۇناپىقلار) **نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىپلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن** (يالغان ئۆزرلەر بايان قىلىپ)، **ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار** (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، **ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر“** (سۈرە “تۆبە»95 ـ ئايەت).

**”پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاق ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس“** (سۈرە “تۆبە»113 ـ ئايەت).

مانا قاراڭ: مۇناپىقلار ئۆلسە ھېچكىم نامىزىغا بارمىسا؛ ئۇلار بىلەن ھېچكىم سالاملاشمىسا؛ سۆزلەشمىسە (قۇدا ـ باجىلىق، ئاغىنە — ئۈلپەتچىلىكنى ئەسلا قىلمىسا)، ھەتتا بۇنداقلار تۇغقانلاردىن بولغان تەقدىردىمۇ مۇناسىۋەتنى ئۈزسە، قانداق ئىجتىمائى كەيپىيات شەكىللىنەر ئىدى؟ تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئېڭىغىمۇ شۇ نەرسە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن... سىڭاتتىكى، ئەڭ يىرگىنىشلىك ئىش — مۇناپىق بولۇش! دۈشمەنگە ياردەم بەرگەن، ئۆز قەۋمىنىڭ زىيىنىغا پايدا ئالىدىغان ئىش ئەڭ نومۇس! بۇخىل روھى ھالەت قېنىغا سىڭىپ، جەمىيەتنىڭ ئومۇمى كېلىماتىنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەۋلادلار قانداق بولاتتى؟ ئەلۋەتتە ھازىرقى

بىزدەك بولمايتتى (قۇللۇققا بىركۈنمۇ تاقەت قىلالمايدىغان بولاتتى)! لېكىن بىز دوست - دۈشمەننى ئىلغا قىلماي مۇناسىۋەت قىلىۋەرگەچكە (”ئەتى - مەتىمىز“ بولمىغاچقا)، مۇناپىقلىقنى ئۆچ كۆرۈش، مۇناپىقلىقتىن يىرگىنىش ئومۇمىي ئادەتكە، ئاشكارە ھەرىكەتكە ئايلىنالمىغاچقا، مۇناپىقلارمۇ ھېچ قانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايۋاتىدۇ، ھەتتا نورمال ” خىجىللىق“ تۇيغۇسىدا بولۇشقىمۇ مەجبۇر بولىۋاتقىنى يوق! ئەكسىچە ئۇلار سىزنى ۋە بىزنى ساتقان پۇل بىلەن باي بولۇپ، ”ھۆرمەتلىك“ لەر قاتارىغا ئۆتىۋالغان (چۈنكى بىز پۇلى بارلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان، بۇ پۇلنى نورمال كەسىپ بىلەن تاپتىمۇ، ئوغۇرلۇق قىلىپ تاپتىمۇ، ھېساپلىشىپ ئولتۇرمايدىغان بولغاچقا ئۇلار ناھايىتى ئاسانلا تۆرنى ئىگەللىۋېلىشقان)! مۇھتەرەم مۆمىنلەر، ئەزىز ۋەتەنداشلار! ھېچ بولمىسا مۇشۇ ئىش — مۇناپىقلارغا تەتۈر قاراش — مۇ قولىڭىزدىن كەلمەسمۇ؟ بۇمۇ بىرخىل كۆرەش شەكلى بولۇپ، پۇل كەتمەيدۇ، جان كەتمەيدۇ، ئەمما تەسىرىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ!

يوقۇرىقى بايانلاردىن ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشقا تېگىشلىك بىر نوقتا شۇكى، مۆمىنلەر جىھادقا چاقىرىلغانلىرىدا پۇلى بارلار پۇلىنىلا چىقىرىپ، ئۆزى چەتتە قاراپ تۇرسىمۇ بولىدۇ؛ ئىلمى بارلار تىلى ئارقىلىق جىھاد قىلسىلا كۇپايە دېگەن مەنىدە چۈشىنىلسە توغرا بولمايدۇ! بەزى بايلار ۋە ئاتالمىش ئىلىم ئەھلىلىرى پۇلۇم كۆپ باي تۇرسام ( ياكى بىلىملىك تۇرسام)، ئون پۇللۇق ئوق بىلەن ئۆلۈپ كەتسەم ئەرزان كەتمەمدىم، دېگەندەك پىكىرلەردە بولسا، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھ ئۇنىڭ ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتمەسمۇ؟ بۇخىل ئادەملەر قانداق ئادەملەر؟ دەل ئايەتتە دېيىلگەن:

**”ئۇلار ھاياتى دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر“** (سۈرە ”كەھف“ 104 - ئايەت).

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھەم تېنى ساق (ئائىلىسىگە قارايدىغان ئادىمىمۇ بار)، پۇلىمۇ، ئىلىمىمۇ بار بولسا، ئۇ ھەم جېنى بىلەن، ھەم مېلى بىلەن، ھەم تىلى بىلەن جىھاد قىلسا يەنىلا "بىركىشىلىك" ھېساپلىنىپ زىيان تارتىپ قالارمۇ؟ ئى مۆمىنلەر! قاپ ـ قاراڭغۇ كېچىدە، قارا تاشنىڭ ئۈستىدە مىدىرلاۋاتقان قارا چۈمۈلىنىڭ ھەركىتىنىمۇ كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاللاھ ھېچكىمنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ!

**"ئەگەر بىركىشى ئاللاھ يولىدا خەجلەيدىغان** (جىھاد قىلىدىغان) **كىشىگە ئىقتىسادىنى ئەۋەتىپ بەرسە، ئۆزى ئۆيىدە قالسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىقتىسادىنى ئاللاھ يەتتە يۈز ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىدۇ** (يەنى بىر تەڭگىنىڭ ئەجرى ئۈچۈن يەتتە يۈز تەڭگە بېرىدۇ). **ئەگەر ھەرقانداق كىشى ئاللاھنىڭ يولىدا جېنى بىلەن جىھاد قىلسا ۋە ئىقتىسادىنىمۇ خەجلىسە ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئىقتىسادىنى يەتتە يۈزمىڭ ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىدۇ** (يەنى، بىر تەڭگىنىڭ ئەجرى ئۈچۈن ئاللاھ يەتتە يۈزمىڭ تەڭگە بېرىدۇ)..." («ئىبنى ماجە»).

يوقۇرىقى ھەدىس ئەنسىرەيدىغانلارغا جاۋاپتۇر!

رىزقنى ئاللاھتىن تىلەش، ئاللاھنىڭ "رىزق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى" ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپاراتلىرىدا خىزمەت قىلىشتىن چېكىنىپ چىقىپ ئۆز بېشىمىزغا تىرىكچىلىك يولى تۇتۇش — خۇددى "پالتىدىن ساپنى چىقىرىۋېتىش" بولىدۇكى، "سېپى يوق پالتا" بىلەن "ساپنىڭ جىنىسىدىن" بولغان "ياغاچ" نى كېسىش خىتايلار ئۈچۈن قولاي بولمايدۇ. لېكىن، كۆپ ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا "خىتاينىڭ بىر تۈكىنى بولسىمۇ يۇلۇش" (گۈيا خىتايلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ، ئۇلارغا زىيان قىلىپ بېرىۋاتقاندەك) چۈشەنچە بار. ئەمەلىيەتتە بۇ غالچىلىق قىلىپ مائاش ئېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ "تۈك" ئۇلار ئۈچۈن بىكارغا توختىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلمايدىغاندەك قىلىدۇ. "بىز ئىشلىمىسەك بەربىر باشقا بىرى ئىشلەيدۇ"، "بىز بىكار قىلغان ئورۇنغا خىتاي ئورۇنلاشتۇرسا تېخىمۇ

يامان بولمامدۇ“، ”مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ سىياسى تۈسى ئانچە قويۇق ئەمەس، خەلقنىڭ خىزمىتى“... دېگەندەك باھانىلار بىلەن خىتايغا قولچوماق بولۇشنى (ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز يوسۇندا —ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا) داۋام قىلدۇرماقتا. بۇ ئەمىلىيەتتە مېزى چۈۋۈلۈپ تۇرغان قۇرۇق باھانىلەر خالاس! (ھەر ئادەم ئۆزىنى بىلىش، باشقىلارغا تارتىشۇېلىپ باھانە ئىزدىمەسلىك كېرەك. ئاللاھ ھەممىمىزدىن يالغۇز-يالغۇز ھېساپ ئالىدۇ). خىتايغا ئىشلىمەسلىك — يەنە بىرخىل كۆرەش شەكلى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانماسلىق كېرەك!

# ئالتىنچى باپ

# ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش مەسىلىسى جىھادقا ئىنتايىن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. ئالدىنقى باپتا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك جىھاد ئۈچۈن مەلۇم ئىقتىسادى ئاساس كېرەك. قۇرال - ياراق، تەشۋىقات ۋە تەربىيىلەش ئۈچۈن پۇل كەتكەندىن باشقا مۇجاھىدلارنىڭ باققۇچىسىز قالغان ئائىلىسىنى تاشلىۋەتمەسلىك ئۈچۈنمۇ ئىقتىساد كېرەك بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى بىر ئاز چۈشىنىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدى بىزدىكى ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل خەجلەش ئەھۋالى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، قانداق قىلسا تېخىمۇ توغرا بولىدۇ،... دېگەندەك مەسىلىلەر ھەققىدىكى مەسلىھەتلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. قۇرئانى كەرىمدە ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىش ھەققىدە شۇنداق بايانلار بار:

”**كىمكى ئاللاھقا قەرزي ھەسەنە بېرىدىكەن** (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خوشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، **ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە** (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) **كۆپ قايتۇرىدۇ. ئاللاھ** (سىناش ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) **تار قىلىدۇ،** (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) **كەڭ قىلىدۇ...**“ (سۈرە ”بەقەرە“ 245 ـ ئايەت).

”**ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ** (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) **يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈزدىن دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە**

**ھەسسىلەپ ساۋاپ بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى** (چەكلىك ئەمەس) **كەڭدۇر** (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)“ (سۈرە ”بەقەرە“ 261 ـ ئايەت).

ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - مال سەرپ قىلىش — 80 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئىقتىسادى ئىسلاھات دەۋرىنىڭ بېرىسىدە سەل ـ پەل جانلاندى. قورسىقى تويۇپ، ئۆزىدىن ئېشىنغان ئاز ساندىكى كىشىلەر ئاللاھنىڭ دىنىدا تەشەببۇس قىلىنغان پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ئەمرىنى ئورۇندايدىغان ھالغا كەلدى ۋە سەرپ قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، مەسچىتلەردە توغرا تەبلىغلەر بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ پۇل سەرپ قىلىشىدا ئىنتايىن ئېغىر خاتالار — قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان خاتالار ساقلانماقتا. پۇل سەرپ قىلىنىۋاتقان ساھەلەر ئاساسەن مۇنۇلار:

1. مەسجىد سېلىش (رېمونت قىلىش، زىننەتلەش)؛

2. يول،كۆۋرۈكياساش (رېمونت قىلىش، ئاسفالتلاش)؛

3. مائارىپقا ئىئانە قىلىش (مەكتەپ سېلىش)؛

4. ئاپەتكە ئۇچۇرىغانلارغا (ھۆكۈمەت قولى ئارقىلىق) ئىئانە قىلىش؛

5. كەمبەغەل تۇغقانلار، قوشنىلار، يۇرتداشلارغا ئىقتىسادى ياردەم قىلىش (سىلە ـ رەھىم قىلىش).

بۇلاردىن باشقا ئۇلارنىڭ پۇل تاپقاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ئىشىدىن بىرى ھەج قىلىشتۇر.

مىڭ ئەپسۇسكى، يوقۇرىقى پۇل سەرپ قىلىشلارنىڭ ھەممىسىدە 98% ئېھتىمالكى، ياخشىلىق ۋە ئەجرىدىن نەسىۋە يوقتۇر! (بىلگۈچى ئاللاھ).

تەھلىل ۋە دەلىللىرىمىز تۆۋەندىكىچە:

1. **مەسجد سېلىش ۋە رېمونت قىلىش**

بۇ مەسىلە ئاڭلىماققا بەك ھەيۋەتلىك ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئىشتا خاتانىڭ بولىشى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ. لېكىن بىز رىئال ئەمىلىيىتىمىزگە كۆرە چوڭ يۈرەكلىك بىلەن بۇ ئىشلارنى **”خاتا!“** دىيەلەيمىز. چۈنكى بىزنىڭ

سىياسى تارىخىمىز بىلەن بۈگۈنكى دۈچ كېلىۋاتقان قىسمىتىمىز، شۇنداقلا ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەڭ تۈپكى ئىدىيىسى بولغان جامائەتچىلىك، ئۆملۈك ئېڭى، ئومۇملۇق روھى ۋە ھۆررىيەت ئىدىيىسى بىزگە بۇ جۈرئەتنى ئاتا قىلىدۇ. شۇنداقلا بەزى رەسۋا ئەمەلىيەتلىرىمىزمۇ بۇ قاراشلىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقتا!

پۇل سەرپ قىلغۇچى نېمە ئۈچۈن باشقا ئىش يوقتەك ھە دېسىلا مەسجىد سېلىش، مەسجىد ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىشقىلا ئېسىلىۋالىدۇ؟ ئالدى بىلەن، پۇل سەرپ قىلغۇچىلار ئىسلام دىنىنى ئىنتايىن تار مەنىدە، دوگماتىزىملىق ئۇسۇلدا چۈشىنىۋالغان بولۇپ، ئۇلار دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ئەمەس، بەلكى بەزى كۆرۈنۈشلەر (ھادىسىلەر) نى ماھىيەت ئورنىغا دەسسىتىۋالغان. ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش — ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى مەقسىدىگە ئۇيغۇن بولغانىكەن، ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن (مەسجىد) نى ياساش ئەڭ كاتتا ساۋاپ دەپ چۈشىنىلگەنۇ، ئاللاھنىڭ بەندىلەرنىڭ ئىبادىتىگە بىھاجەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تېخىمۇ مۇھىم تەرەپ — ماھىيەت ئۇنتۇلغان؛ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ توغرا دىننى تەرغىپ قىلىشىدىن مەقسەت: ئىنسانلارنى توغرا يولغا، ھىدايەتكە، ئىنسانىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان يولغا دەۋەت قىلىش ئىكەنلىكى، دېمەك ئىبادەتتىن مەقسەت، توغرا ئەخلاقنى بەرپا قىلىش (يەنى پەلسەپە تىلى بويىچە ئېيتقاندا "مەسجىد" —مەخسەت ئەمەس، ۋاستە؛ مەخسەت — ياخشى ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش) ئىكەنلىكى چۈشىنىلمىگەن.

ئاددى بىر ئوخشىتىش قىلايلى، بىر شەھەردە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن بولغان ئەخلاقلىق، تەقۋادار ئاھالە ياشىغان بولسۇن، ئەمما ئۇلارنىڭ نامراتلىقى ياكى باشقا ئاللىقانداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مەسجىدى بولمىسۇن ياكى مەسجىدلىرى بەك ئاز بولسۇن؛ يەنە بىر شەھەردە ھەر مەھەللىدە ئىككىدىن مەسجىد بولسۇن، ئەمما نامازخانلارنىڭ تايىنى بولمىسۇن، بۇلارنىڭ قايسىسى ياخشى؟

تەبىئىيكى، بۇنىڭغا ئەقلى نورمال ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جاۋاپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، بۇ شۇ دەرىجىدە ئاددى بىر ھەقىقەتتۇر. خۇلاسە شۇكى: مەسجىد پەقەت ئىبادەتگاھتۇر. ئىماننىڭ، ئىخلاسنىڭ ئۆلچىمى ئەمەستۇر؛ ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا مەسجىدنىڭ ئاز - كۆپلىكى ئىماننىڭ ئەينىكى (ئىماننى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم) ئەمەس. ئۇ پەقەت ئىماندىن ئىبارەت مەنىۋىيەتنىڭ بىرتۇرلۇك ماددى پوستىدۇر. چۈنكى بىزگە بويرۇلغىنى تەقۋادارلىق بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازدۇر، مەسجىد ئەمەستۇر. مەسجىد — ناماز ئۈچۈن كېرەكلىك ۋاستىدۇر. شۇڭا، "مەسجىد" دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆزىدىلا "ئۇلۇغلۇق" ۋە ئىلاھىي تۈس بولىۋەرمەيدۇ. چۈنكى، قورقۇشقا ئاللاھ ھەممىدىن بەك لايىقتۇر. پەرزنى ئادا قىلغۇچى يەنىلا ئىنساندۇر. مەسجىد ئەمەستۇر (مەسجىد جانسىز ماددا بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تاپشۇرغان پەرزنى ئادا قىلالمايدۇ). ئەگەر مەسجىد تەپرىقىگە سەۋەپ بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنداق مەسجىدنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى تېخىمۇ ياخشى (ھەتتا چېقىپ تاشلاشقىمۇ بولىدۇ). بۇ ھەقتە دەلىلىمىز شۇكى، رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ)نىڭ زامانىدا بەزىلەر مەسجىد بىنا قىلغان، ئەمما ئۇ مەسجىد تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلمىغان، تەپرىقە تېرىيدىغان مەسجىد بولۇپ، ئىسلام تارىخىدا زىكرى قىلىنىدىغان "مەسجىدى زىرار" شۇدۇر. رەسۇلۇللاھ (س. ئە. ۋ) بىر كۈنى "مەسجىدى نەبىۋى" دە ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەتنى باشلاپ كېلىپ بۇ مەسجىدنى چېقىپ تاشلىغان. بۇ مەسجىد ھەققىدە مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولغان:

**"بەزى كىشىلەر مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇپرىنى كۈچەيتىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم** (يەنى ئەبۇ ئامىر راھىپ) **نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەخسىدىدە مەسجىد بىنا قىلدى. ئۇلار: بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق، دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ، ئاللاھ گۇۋالىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك - شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر. ئۇ مەسجىدتە مەڭگۇ ناماز ئوقۇمىغىن،**

**بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر. ئۇنىڭدا** (گۇناھلاردىن) **پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، ئاللاھ** (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) **پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.** (دىنىنىڭ) **بىناسىنى ئاللاھنىڭ تەقۋادارلىقى ۋە رىزالىقى ئاساسىغا قۇرغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى ئۇنى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ گىرۋىكىگە قۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوزاق ئوتىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. تاكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە ـ پارە بولۇپ ئۆلمىگىچە ئۇلارنىڭ سالغان مەسجىدى** (مەسجىدى زىرار) **دىللىرىدىكى گۇمان** (مۇناپىقلىق) **نىڭ يىلتىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئاللاھ** (مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى) **بىلىپ تۇرغۇچىدۇر،** (ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىگە ئاساسەن ئۇلارنى جازالاشتا) **ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر“** (سۈرە «تۆبە»107~110 ـ ئايەتكىچە).

بىز بۇ دەلىلنى ”مەسجىد“ لا بولسا بولىۋەرمەيدىغانلىقىنى، چوقۇم تەقۋالىق، ياخشى نىيەت ئاساسىدا، شۇنداقلا شۇ دەرگاھنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ئۈچۈن مۇۋاپىق بىنا قىلىنغان مەسجىد بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش مەقسىدىدە كەلتۈردۇق. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزگە قايتىمىز.

ئالدى بىلەن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلىمىز: **”ئى مۆمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى** (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) **ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق** (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) **ئادەم خۇددى ئۈستىگە تۇپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن** (يۇيۇلۇپ) **بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن** (ئاخىرەتتە) **ھېچقانداق**

**ساۋاپقا ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ“** (سۈرە ”بەقەرە“ 264 ـ ئايەت).

بىزنىڭ بايلىرىمىزدىكى «مەسجىد قىزغىنلىقى» ھۆددە قىلىشقا بولىدۇكى، رىياكارلىق ئاساسىدا تۇغۇلغاندۇر. يەنى: ««پالانى سالغان مەسجىدكەن› دېسۇن»، « ‹پالانى ھاجىم مەسجىد ئۈچۈن مۇنچە پۇل بېرىپتۇ› دېسۇن» دەپلا قىلىنىۋاتقان ھارامزادىلىكتۇر. چۈنكى بىزنىڭ رىيالىقىمىزدا قىلىشقا تېگىشلىك تېخىمۇ مۇھىم ئىشلار تولۇپ يېتىپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بىر مەسجىد جامائىتى ئىچىدە ئىككى كىشى — ئىككى باي ياكى ئىككى موللا كېلىشەلمىسە دەرھال يەنە بىر مەسجىد بىنا قىلىش پىلانى تۇغۇلىدۇ. ئاۋالقىسى (يەنى ئىككى باي) مەنمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئاساسىدا —ئاۋۇ دىندىشى بىلەن بىر يەردە ئىبادەت قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن — يەنە بىر مەسجىد سېلىپ ئۆزىنىڭ سېخىلىقى، ”يېڭىلمەس“ لىكىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ؛ كېيىنكىسى (ئىككى موللا بولسا) دەرھال ئۆزىگە يېقىنىراق بايلارنى كۈشكۈرتۈپ، ئاللاھ نامىدىن يالغانلارنى توقۇپ، ”مەسجىدنىڭ كۆپ بولغىنى ساۋاپ“ دېگەندەك پەتىۋانى ئۇيدۇرۇپ چىقىپ ئىئانە توپلاپ، يەنە بىر مەسجىد بىنا قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەسلىدە بىر مەسجىدتە ئىبادەت قىلىۋاتقان جامائەت ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۆملۈك، ئومۇملۇق، جامائەتچىلىك ئېڭىغا ئۇيغۇنمۇ؟ ئەقەللى ساۋاتكى، ئاللاھقا ئەرزىيدىغىنى مەسجىدنىڭ كۆپۈيىشى ئەمەس، تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ كۆپىيىشىدۇر.

ئەگەر مەسجىد بولۇپ، دىن بولمىسا نېمە پايدىسى؟ ئەگەر مەسجىد بولۇپ، مەسجىد قەۋمى بولمىسا نېمە پايدىسى؟ سىز بىرمۇنچە پۇلىڭىزنى سەرپ قىلىپ ”مەسجىد سالدى“ دېگەن ئاتاقنى ئالغىنىڭىز بىلەن، بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بىر ئورۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ھازىرقى بىزنىڭ شارائىتىمىزدا ئۇ ”ئاللاھنىڭ ئۆيى“ بولۇش سالاھىيىتى بۇزۇۋېتىلىپ، خىتاي سىياسىتىنىڭ تەشۋىقات

مۇنبىرىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىمامىلىرىدىن تارتىپ، ئۇ يەردە سۆزلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىغىچە دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ! بۇ مەسخىرىلىك ئەمەسمۇ!؟ بۇ ئاچچىق ئەمەلىيەت بىزگە شۇ خۇلاسىگە كېلىش ئىمكانىنى بېرىدۇ: دىنىنى ۋە شۇ دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرى بولغان خەلقنى قوغداپ قېلىش ئەڭ ئالدىنقى بۇرچىمىزدۇر! ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش (ئەسلىگە كەلتۈرۈش)، دىن دۈشمەنلىرى قولىدا ئويۇنچۇق بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش، بىز ئۈچۈن مۇقەددەس ھېساپلىنىدىغان مەسجىدلەرنىڭ ئۇلۇغلۇق نوپۇزىنى قوغداش! تېخىمۇ مۇھىمى يوقۇلۇشقا يۈز تۇتىۋاتقان مەسجىد قەۋمىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولىدىغان كۆرەشكە (جىھادقا) پۇل سەرپ قىلىسىڭىز تېخىمۇ توغرا بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمامسىز؟ بۇ ھەقتە ئالدىنقى باپلىرىمىزدا نەقىل قىلغان جىھادنىڭ مەسجىدلىھەرامنى ياسىغاندىنمۇ ئۈستۈن ئەجرىگە ئىگە ئەمەل ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئايەتنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، بىزنىڭ ئاچچىق ئەمەلىيىتىمىز — سىياسى تارىخىمىزنىڭ ئەڭ يېقىن ئۆتمۈشىدە بولۇپ ئۆتكەن، يېقىن كەلگۈسىدە تېخىمۇ دەھشەتلىكىراقى بولىشى ھەربىرىمىزنىڭ بۇرنىغا پۇراپ تۇرغان ھەقىقەتنى ئالدىڭىزغا قويۇش بىلەن سۆزىمىزنى يەنىمۇ قۇۋۋەتلەندۇرىمىز:

بۇندىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى كوممونىست خىتايلار قوزغىغان ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ دېگەن تەلۋە سىياسى ھەركەتتە مەسجىدلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ قولى بىلەن چېقىلغان، بەزىلىرى ئەترەتنىڭ ئات - كالا ئېغىلىغا ئايلاندۇرۇلغان، ھەتتا بەزىلىرى چوشقا ئېغىلىغا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى (ھەتتا قۇرئانى كەرىم ئۆزىمىزنىڭ قولى ئارقىلىق كۆيدۇرگۈزۈلگەن)، بۇنى شۇنچە ئاسانلا ئۇنتۇپ، ”پارتىيىنىڭ پارلاق مىللى سىياستى“ بىلەن مەست بولۇپ، ”ھارۋۇدا توشقان ئالدۇ“ غان خىتايلارنىڭ ھۆل خىشىغا دەسسىسەك قانداق بولغىنى؟ ئۇلارنىڭ

”پارلاق دىنى سىياسەت“، ”ئېتىقاد ئەركىنلىكى“ سەپسەتىلىرى ئالدامچىلىق تۇمانى، خالاس! ئۇلارنىڭ بۇزۇلغان مەسجىدلەرنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە يول قويۇشى ۋە ھەتتا بەزىلىرىگە پۇل تۆلەپ بېرىشى ئۇلارنىڭ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، تېخىمۇ پۇختا بىرخىل تاكتىكىنى ئويلاپ تاپقانلىقىنى، ئاشكارە ھۇجۇمنىڭ ھامان قاتتىق قارشىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ تونۇپ يېتىپ، ئەمدىلىكتە ”يېپەكنى قىلىچ كەسمەيدۇ“ دېگەن تەمسىلدىكىدەك، ئىنتايىن يۇمشاق، كىشىلەر ئاسانلىقچە سېزەلمەيدىغان بىرخىل ۋاستە ئارقىلىق، خەلقنى بىخوتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانماقچى بولىۋاتقانلىقىنى چۈشۈنىشىمىز، بۇنىڭ تېخىمۇ يامان، تېخىمۇ قەبىھ ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىز كېرەك! شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، كوممۇنىست دېمەك — دەھرى دېمەكتۇر، دىنغا قارشىدۇر! خىتاي دېمەك — دىن دۈشمىنى دېمەكتۇر! مۇستەملىكىچى دېمەك — ھامان قۇل قىلىنغان خەلقنى يوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنى ۋە بايلىقىغا پۈتۈنلەي ئىگە بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاداققى مەخسىدى قىلغان بولىدۇ! ئۇ ھالدا سىز ئالدىنىۋاتقان ”پارلاق مىللى سىياسەت“ قاچانغىچە داۋام قىلار؟ ”ئازسانلىق مىللەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش“ چىرايلىق نىقابى قاچانغىچە سۆز مودىسى بولار؟ سىز دۈشمەننىڭ ئاداققى مەخسىدى نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، شۇنداق بىر ئېچىنىشلىق كارتىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىزكى، ئىگىلىرى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇلغان ياكى يوقۇتۇلغان ئەھۋالدا مەسجىدلەر يەنە چوشقىلارغا ئېغىل، خىتاي كۆچمەنلىرىگە تۇرالغۇ بولىدۇ... قىسقىسى، دىنىسىز دۈشمەننىڭ — خىتاينىڭ قۇللۇقىدا تۇرۇپ ھەقىقىي مۆمىن بولغىلى بولمايدۇ، دىنىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن بولالمايدۇ. چەكلىمىگە بۇزغۇنچىلىققا، توسالغۇغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئېقىمنىڭ ئاخىرىدا بىھۇدە كۈچ سەرپ قىلماي، ”سۈنى باشتىن سۈزۈلدۈرۈش ۋە پاكلاشتۇرۇش“ — يەنى ئالدى بىلەن مەۋجۇت مەسجىدلىرىمىزنى خىتاي چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش، مەسجىد قەۋمىنى

خىتاي قۇللۇقىدىن قۇتقۇزۇش — بىرىنچى ۋەزىپىدۇر! ”جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان“ دېگەندەك، خەلق يوقالمىسا، مەسجىدلەر تۇرۇشلۇق زېمىن بىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىمىزدا بولسا مەسجىد بىنا قىلىشقا ھەرقاچان ئۈلگۈرىمىز. ئىماننىڭ بولىشى مەسجىدنىڭ بولغىنىدىن ئەۋزەلراقتۇر. قەلبىمىز ئاللاھ يولىدا ساپ بولسا، ساپ قەلب — ئەڭ ياخشى ئىبادەتگاھتۇر! تارىختا 750 يىللىق ئىسلام دۆلىتى بولمىش ئەندىلۇس (بۈگۈنكى ئىسپانىيە) كاپىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى چېقىپ تاشلىنىپ، ”ئىسلام“ ئىزناسى ئۆچۈرۈلگەن ئىدى! ئەمدى ئىسپانىيىدىن مەسجىدلەرنى ئىزدەپ بېقىڭ! زېمىن قولدىن كەتسە، خەلق بويۇن سۇنسا ياكى يوقۇتۇلسا مەسجىدلەر ئۆز- ئۆزىنى قوغدىيالمايدۇ. ۋەتىنىمىز ئىككىنچى ئەندىلۇس بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ھەر بىر مۆمىن ۋەتەندىشىمىز چوڭقۇرراق ئويلىنىپ باقسۇن!

2. **يول ياساش،كۆۋرۈك سېلىش** (ياكى رېمونت قىلىش، يوللارنى ئاسفالتلاش) **قاتارلىقلارغا پۇل سەرپ قىلىش مەسىلىسى**

بايلىرىمىز پۇل سەرپ قىلىشقا ئامراق ئىشلارنىڭ يەنە بىرى يول،كۆۋرۈك ياساشتۇر. بۇ بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىزگە ئايلىنىپ كەتكەن بىر ياخشى خىسلەتنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇ — كۆپچىلىك پايدىلىنىدىغان مۇئەسسەسەلەرگە پۇل سەرپ قىلغاننىڭ ساۋابى چوڭ، دېگەن ئەقىدىدىندۇر. راست، ئەگەر سىز يول ياساپ قويسىڭىز، مۆمىنلەر ئوي - چۇقۇرلاردا قىينالماي شۇ يولدا ماڭسا ياخشى بولىشى تەبىئى. ئەمما، بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ زامانغا باغلىقتۇر. ئەگەر بىر مۇستەملىكە ئاستىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان خەلق يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ساۋاپ دەپ پۇل سەرپ قىلسا بۇ قانچىلىك توغرا بولار؟ بۇ يول مۆمىنلەر ئۈچۈن قانچىلىك خىزمەت قىلىدۇ؟ ھاكىمىيەت ئۈچۈن قانچىلىك خىزمەت قىلىدۇ؟ بۇلارنى سالماقراق ئويلاپ بېقىش لازىم. ئەگەر يولنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلى تېز

ماڭالماي، مۇستەملىكە ھاكىمىيەتكە تاپشۇرۇلىدىغان غەللە ـ پاراق بىر مىنۇت كېچىكسە دۇشمەنگە بىر قەترە زىياندۇر! دۇشمەنگە زىيان بولغانىنىڭ ئۆزى، بىزنىڭ پايدىمىز دېمەكتۇر! يەنە مەسىلەن: ئەگەر يولنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلى، دۇشمەن ساقچىلىرىنىڭ موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى بىر مىنۇت كېچىكىپ مەھەللىمىزگە (تۇتقۇن قىلىش ئۈچۈن) كەلسە بەلكىم بۇ بىر مىنۇت مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى پۈرسەت بىلەن تەمىنلەپ، قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرۈشى مۇمكىن! تېخىمۇ مۇھىمى، ھاكىمىيەتكە لەنەت قىلىش، ھاكىمىيەتنى (ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىنى) ناچار كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەسلى ھالىتىدە قالدۇرغىنىمىز تېخىمۇ ياخشى. تەسادىپى بىرەر چەتئەللىك كۆرسە بۇ ناچار كوچىلار، بۇزۇق كۆۋرۈكلەر، نامرات مەھەللىلەر مۇستەملىكىنىڭ لەنەتگەردىلىكىنى كۆرسىتىدىغان جانلىق دەلىل بولۇپ، خەلقئارا سەھنىلەردە تەشۋىقات رولىنى ئوينىشى مۇمكىن (كۆپچىلىككە مەلۇم، نومۇسسىز خىتاي كوممونىستلىرى چەتئەللىكلەرنى زىيارەت قىلدۇرۇشقا توغرا كەلسە مەخسۇس تەييارلانغان بىرەر ئالاھىدە مەھەللە ۋە ”باياشات خەلق“ نىڭ ”بەختلىك ئائىلىسى“ سۈپىتىدە كېچىچە ھەييارلىق بىلەن ياساپ تەييارلانغان بىرەر ئائىلىنى كۆرسىتىپ كەلدى). دېمەك، بىز ھاكىمىيەت تەرىپىدىن مەبلەغ سېلىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى (مەتۇلارچە خاتا چۈشەنچە ئارقىسىدا) پۇل سەرپ قىلىپ ۋۇجۇتقا چىقارساق بۇ دۇشمەنگە ياردەملەشكەنلىكتۇر. بەلكىم سىز ”بۇ خاس مۇسۇلمان يېزىلىرى، مەھەللىلىرى (خىتاي يوق جايلار) بولسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟“ دەپ ئالدىمىزنى توسماقچى بۇلارسىز. يولنىڭ چوقۇم ھۆكۈمران كۈچ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ياخشىراق چۈشىنىش ئۈچۈن خىتايغا تاجاۋۇز قىلغان ياپونلارنىڭ تۆمۈريول ياسىغانلىقى، يوللارغا ئاسفالىت ياتقۇزغانلىقى،... قاتارلىق تارىخي پاكىتنى ئەسلەپ ئۆتسەك رۇشەن بىلىنىشى مۇمكىن. سىز، ياپونلار جوڭگوغا ياردەم بەرگەن دەپ ئويلىماي، ئۆتتۇز يىلدىن بېرى مېڭىڭىزگە قويۇلغىنى بويىچە: ياپون جاھانگىرلىكى

جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان، دەپ چۈشىنىدىغانلا بولسىڭىز، ئۇ هالدا ياپونلارنىڭ خىتاي زېمىنىدە تۆمۈريول ياسىشى، تاشيوللارنى ئاسفالتلىشى ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق هەرىكىتىگە قولايلىق يارىتىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيسىز. ياپونلارمۇ پۈتۈنلەي خىتايلار ياشايدىغان يۇرتلارنى ئارىلاپ ئۆتىدىغان تاشيوللارنى ياسىغان. بۇ يوللاردا خىتاي پۇخرالىرىمۇ ماڭغان، لېكىن پايدىلىنىش نىسبىتى بويىچە ياپونلارغا كۆپرەك خىزمەت قىلغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا بىر تاجاۋۇزچى مەهكۇم ئەل ئۈچۈن "كۆيىنىپ" يول ياساپ بېرىشى ئەقىلغا سىغىدىغان ئىش ئەمەس! (بۈگۈنكى خىتايلارمۇ بىزگە نىسبەتەن ئەينى شۇ ياپونلارنىڭ ئۆزى! ئۇنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنىمۇ خۇددى شۇ سېلىشتۇرما ئاساسىدا چۈشەنسىڭىز بولىدۇ). سىزگە چۈشىنىشلىكرەكى شۇكى، بىرىنچىدىن، بۇ يولدا سىز خىتايغا غەللە - پاراق توشۇيسىز، خىتايلار مەهەللىڭىزگە ئادەم تۇتقىلى كېلىدۇ؛ ئىككىنچى (ئادەمنى زەردىگۈش قىلىدىغىنى)، يوقۇرىدا ئېيتىلغىنىدەك، سىزنىڭ ئەجرىڭىزدىن قىياپىتى ئۆزگەرگەن يول ۋە كۆۋرۈكلەر، مەهەللىلەر ياكى باشقا جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنى كوممونىستلار نومۇسسىزلىق بىلەن ئۆزىنىڭ "غەمخورلىقى"، "پارلاق سىياسىتىنىڭ نۇرىدا بولغان" دەك، ساختا تەشۋىقاتىنىڭ جانلىق دەلىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى پەقەتلا سىزنىڭ مەهەللىڭىزدىكىلەر بىلىسىمۇ، باشقا جايدىكى خەلق — پۈتۈن جاهان بۇنى تەشۋىقاتتىن — گېزىت، رادىئو ياكى تېلېۋىزور ئارقىلىق ئوقۇغاچقا، ئۇنى راست دەپ ئالدىنىدۇ - دە، "پارتىيە پالانى يەرنىڭ قىيىياپىتىنى كارامەت ياخشىلىۋېتىپتۇ" دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

تېخىمۇ ئاددى بىر مىسال بار، ئەگەر بىزنىڭ مۇجاهىدلىرىمىز دۈشمەنگە قارشى ئاشكارە - يوشۇرۇن كۆرەش باشلىسا نېمە قىلىشى مۇمكىن؟ ئويلاپ كۆرەيلى، كىنولاردىن كۆرگىنىمىز بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، مۇستەملىكە ئەل مۇستەملىكىچى زوراۋانلارغا زىيان

سىلىش ئۈچۈن ئادەتتە نېمىلەر قىلىدۇ؟ تەبىئىكى، يول ـ كوۋرۈكلەرنى پارتىلىتىدۇ! ئەمدى بۇ سىلىشتۇرما ئارقىلىق ئويلاپ كۆرسىڭىز ئاجايىپ كۈلكىلىك بىر هالغا دۇچ كېلىسىز: بىرى يول ـ كوۋرۈكلەرنى ياسايدۇ؛ يەنە بىرى ئۇلارنى پارتىلىتىدۇ. هەر ئىككىسىلا ئاللاهنىڭ رەهمىتىنى — جەننەتنى ئۈمىد قىلىدۇ. قايسىسى توغرا؟ بۇ زامانغا باغلىق ئىش بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە هەر ئىككىسى توغرا! ئەمما بىزنىڭ هازىرىمىزغا نىسبەتەن بولسا بۇزۇش توغرا، ئەلۋەتتە!

مۇستەملىكە شارائىتىدا هەرقانداق بىر مۇئەسسەسە هاكىمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. هۆكۈمران مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. خەلق ئۈچۈن بولىدىغان پايدىسى ئىنتايىن ئاز! چۈنكى بىز كوممۇنىست چوشقىلارنىڭ كاساپىتىدىن شۇ دەرىجىدە نامراتمىزكى، ئۇ يوللاردا هەيدەپ ماڭىدەك ماشىنىلىرىمىز يوق.

بۇنىڭدىنمۇ خۇلاسە شۇكى، ئالدى بىلەن يوللىرىمىزغا، كوۋرۈكلىرىمىزگە قارىتا ئىگىدارچىلىق هوقۇقىمىزنى قولغا كەلتۈرەيلى، ئاندىن ئۇنى ياساش دۆلەتنىڭمۇ، پۇخرانىڭمۇ ئورتاق ئىشى بولۇپ قالىدۇ!

3. **مائارىپقا ئىگە قىلىش** (هۆكۈمەت ئاچقان دىنى مەكتەپلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)

مۇبارەك ئىسلام دىنىمىزدە ئىلىم تەهسىل قىلىش مەسىلىسىگە يوقۇرى دەرىجىدە ئەهمىيەت بېرىلىدۇ. قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىمۇ **"ئوقۇ!"** خىتابى بىلەن باشلانغانىدى. شۇڭلاشقا خەلقىمىزدە ئەزەلدىن مەدرىسە ـ مەكتەپلەرگە، ئۇستاز ـ تالىپلارغا ياردەم قىلىش ئەنئەنىسى شەكىللەنگەنىدى. بىزنىڭ بۇ ئەنئەنىمىزدىن خىتايلار ئۇنۇملۈك پايدىلىنىپ، مۇناپىق مولىلارنىمۇ ئىشقا سېلىپ، يوشۇرۇن غىدىقلاش، مەنمەنلىك تالىشىدىغان بايلار ئارىسىدا باز ـ بازغا سېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاق فورمىسىنى بىزگە تاڭىدىغان، ئىتائەتچان قۇل ئىشلەپچىقىرىدىغان مەكتەپلەرگە خىراجەتنىمۇ يەنە

ئۆزىمىزدىن ئېلىپ ئىشلەتمەكتە! (”نوخۇنىسىنى ئېلىپ، كۆتىگە تىقىش“ تاكتىكىسىغۇ، بۇ!)

ئەسلىدە ھاكىمىيەت ئۈچۈن ”سادىق مالاي“ لارنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان مەكتەپلەرگە كوممونىستلار مەيلى بولسا ئۆزلىرى مەبلەغ سېلىشى كېرەكىدى ھەم شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرىدى. ئەمما، ”پىت كۆز“ ئىچى قوتۇر كوممونىستلار — ”ھارۇۋىدا توشقان ئالىدىغان“ بۇ ھارامزادىلەر — كۇنىسېرى كۆپىيىۋاتقان ھەربىي خىراجەتتىن ئېشىنالمىغاچقا، مائارىپ ئۈچۈن بېخىللىق قىلىپ، ھەييارلىق بىلەن گول خەلقىمىزنى قوزغاتقانلىقتىن بايلىرىمىزدىن بىرمۇنچىسى ئۆزىنى كۆرسىتىش، كۆڭلىدىكى بەسلىشىدىغان ”مۇسابىقىدېشى“ دىن ئېشىپ چۇشۇش قىزغىنلىقىدا (رىياكارانە نىيەت بىلەن)، ”مائارىپنى قوللاش ساۋاپلىق ئىش“ دېگەن دوگما چۈشەنچە نەتىجىسىدە جاپادا تاپقان پۇللىرىنى خىتايلارغا تۇتقۇزۇپ، ئاڭسىز يوسۇندا دۈشمەنگە ياردەملەشمەكتە! شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، مائارىپنى — ئوقۇش، تالىپ، ئۇستاز قاتارلىقلارنى قوللاش ھەقىقەتەنمۇ ساۋاپلىق ئىش ئىدى، ئەمما، بۇمۇ زامانغا باغلىقتۇر! چۈنكى، ئۇستقۇرۇلمىغا — بەلكى ئەڭ مۇھىم ئۇستىقۇرۇلمىغا — ئىدىئولوگىيىگە ئائىد بۇ ساھە تەبىئىكى، ھاكىمىيەتنىڭ ئىدىئالى — ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ھالدا ئۆزىمىزگە دۈشمەن بىر ھۆكۈمەت شارائىتىدا تۇرۇپ مائارىپقا مەبلەغ سېلىش — دۈشمەنگە ياردەملىشىشتۇر. سىز بەرگەن پۇل دىنغا قارشى، مىللىي مەنپەئەتىمىزگە قارشى ”ماتىرىيال“ ئىشلەپچىقىرىشقا خىزمەت قىلىدۇ، ھەتتا، مىللىي مەكتەپلەرگىمۇ تەگمەستىن، نەق خىتاي مەكتەپلىرى ئۈچۈن بېرىلىشىمۇ مۇمكىن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا نومۇسسىز كوممونىستلار ”دىنىنى سوتسىيالىزىم ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش“ دېگەندەك بىمەنە شۇئارلارنى ئوتتۇرغا قويىدى ھەم دىنىمىزنى

پۈچەكلەشتۈرۈش ئارقىلىق خەلقنى دىندىن بىزار بولىدىغان، دىننى "تازىمۇ قاملاشمىغان نەرسىكەن" دېگەن ھىسقا كەلتۈرىدىغان بىر يۈرۈش تاكتىكىلارنى ئىشلەتمەكتە! بۇنىڭ ئۈچۈن دىننى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ، دىندىن ئۆزلىرىگە كېلىدىغان خەۋپنى تولۇق كونترول قىلىش ئۈچۈن، خەلق ئۆزى ئاچقان دىني مەكتەپلەرنى مەجبورى تاقاتتى. ئارقىدىن ئۆزلىرى ("خەلققە كۆيىنىپ"، "نورمال دىنى ئېتىقاد ئېھتىياجى ئۈچۈن") دىنىي مەكتەپ ئېچىشقا باشلىدى ۋە خەلقنىڭ ھىسياتىدىكى ساددا قىزغىنلىقتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ھارامزادىلىك بىلەن مەبلەخنىمۇ خەلقنىڭ ئۆزىدىن يىغدى.

"دىنى مەكتەپ ئۈچۈن ئىئانە بېرىشمۇ خاتا" دېگەن گەپ ئاڭلىماقتا تازىمۇ يېقىمسىز، ئاڭلىغۇسىز يامان گەپتەك قىلىدۇ. ئەمما ياخشىراق ئويلاپ كۆرەيلى، خىتاي كوممونىستلىرى بىزگە پايدىلىق ئىشنى راۋا كۆرەرمۇ؟ ئەگەرئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن خەلق ئۆزى ئاچقان مەكتەپلەرنى مەجبورى تاقاتتى؟ ھەتتا دىنىي ئۇستازلارنى جازالىدى؟ ئەمدى ئەجەبا ئۆزى دىنىي مەكتەپ ئاچماقچى بولۇپ قاپتۇغۇ؟ ئۇلارنىڭ غەرىزى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرمامدۇ! ئۇلار دىننى "يوۋاشلىتىش" قۇرالىغا، "سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان" غەلىتە شەكىلگە كەلتۈرمەكچى، ئاخىرىدا بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى ئاڭلىماقتا "ئىسلام"، ئەمەلىيەتتە ھېچ يېرى قۇرئان ۋە ھەدىسكە توغرا كەلمەيدىغان بىر نېمىگە، دىن ئوقۇغانلارنى "شاش ئاتلارنى كۆندۈرگۈچى" لەرگە — خەلقنى ئىشلەپچىقىرىش ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان مۇناپىقلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرمەكنى مەخسەت قىلغاندۇر. مۇستەملىكىدە ياشايدىغان خەلقلەرگە ئورتاق بولغان بىر كۆرەش شەكلى شۇكى، ھاكىمىيەت تەشەببۇس قىلغان ھەرقانداق نەرسىگە قارشى تۇرۇش (زىيانلىق دەپ بىلىش)، ھاكىمىيەت چەكلىگەن نەرسىنى پايدىلىق دەپ بىلىش (يوشۇرۇن بولسۇن، بىر ئاماللار بىلەن داۋام قىلدۇرۇش). مانا بۇ بىر ئەقەللى ساۋاتتۇر! تەكىتلەيمىزكى، ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ئاخىرقى

مەقسىدى قۇل بولغۇچىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىشتۇر، ئۇ ھالدا دۈشمەن بىزگە پايدىلىق ئىشنى ھەرگىز تەشەببۇس قىلمايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ قىلىشىغىمۇ يول قويمايدۇ. ھەتتا قارىماققا مەلۇم دەرىجىدە بىزگە پايدىلىقتەك كۆرۈنگەن ئىش بولغان تەقدىردىمۇ، ھۆكۈمەت تەشەببۇس قىلغانلا ئىش ئىكەن، ئاخىرقى ھېساپتا بۇنىڭ بىزگە زىيانلىق ئىش ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئارقىسىغا بىر شۇم نىيەت يوشۇرۇنغانلىقىنى كەسكىن جەزىملەشتۈرۈشكە ۋە شۇنىڭ تەتۈرسىنى قىلىشقا بولىدۇ.

**4. ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا (ھۆكۈمەت قولى ئارقىلىق) ئىئانە بېرىش مەسىلىسى**

ئىئانە — ئەسلىدە لۇغەت مەنىسى بۇيىچە بولغاندا كۆڭلى - كۆكسىدىن چىقىرىپ بېرىدىغان ياردەم، ھېسداشلىق تۇيغۇسىدىن ئىختىيارى بېرىلگەن ياردەم مەنىسىدىكى بىر سۆز بولۇپ، بۇنىڭدا ماھىيەتلىك بىر نوقتا "ئىختىيارلىق" ئۇقۇمىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بىر كەلىمە بولۇشىدا ئىدى. ئەپسۇسكى، كوممونىستلار بۇ يېقىملىق ئىبارىنىمۇ يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغان، نەپرەتنى قوزغايدىغان نەرسىگە، "ئالۋاڭ"، "سېلىق" مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. يەنى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىدىكى ماھىيەت —"ئىختىيارلىق" —"مەجبورىيەت" كە ئالماشتى. كوممونىستلار "ئىئانە" شۇئارىدىن پايدىلىنىپ مەجبورى تۈردە ئىقتىساد توپلايدىغان، ھەتتا پويىزدا توشۇپ كېتىۋاتقىنى يەتمىگەندەك ئاپەتكە ئۇچرىغان خىتايلارغا ياردەم بېرىشكە مەجبورلاپ، نامراتلىقتىن ئۆز دەردىنى تارتالماي ئاران تۇرغان خەلققە يەنە ئىچكىرىدىكى خىتايلارنىڭ يۈكىنى "ئىئانە" نامى بىلەن ئارتىپ قويىدىغان بولدى. بۇلار ئىچكىرىدە بولغان ئاپەتلەر ئۈچۈن ئالۋاڭ سېلىش ۋە باشقا خەلقئارا مۇسابىقە يىغىنلىرى، كاتتا مۇراسىملارنىڭ چىقىملىرىنى "ئىئانە" نامى بىلەن خەلققە يۈكلەپ قويۇش ئەھۋالى. دېمەكچى بولغان ئاساسىي گېپىمىز — ئۆزىمىزنىڭ ۋەتىنىدە بولغان

ئاپەتلەرگە مەجبۇرى تۇردە كىشى بېشىغا چېچىپ، خىزمەتچى بولسا مائاشىدىن تۇتۇپ يىغىۋېلىنىدىغان ئالۋاڭدىن باشقا، بايلىرىمىزنىڭ ئىختىيارى بېرىدىغان ئىئانىلىرى توغرىسىدا بارىدۇ.

نۇرغۇن تەلۋىلەر باركى، ياردەم پۇللىرىنى ھۆكۈمەتكە (خىتايغا) تاپشۇرىدۇ. بۇ ساراڭمۇ بىلگىدەك دەرىجىدە خاتادۇر. چۈنكى، كوممۇنىستلارنىڭ قانداق زەھەرخەندە ھايۋان ئىكەنلىكىنى ھېلىغىچە بىلمەسلىك — بىرخىل ساراڭلىقتۇر! كوممۇنىستلار ھەرخىل ئەھۋالدا دەرھال "قۇرۇپ" تەييار قىلىدىغان "... كومىتېتى"، "...رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى"، "...قۇماندانلىق شتابى" دېگەندەك بىرنېمىلەر بولىدۇ. ئۇنىڭدا باي بولۇش پۇرسىتى كۈتۈپ ياتقان ئاچ ئىتلاردىن بىر مۇنچىسى بولىدۇ. توپلانغان ئىقتىساد مانا شۇ نەپسى بالا "خەلق كادىرلىرى" نىڭ گېلىدىن ئېشىپ، بەلكى يەنە باشقا يوچۇقلارغا سىڭىپ كېتىپ، ئاندىن ئاشقىنى بىچارە خەلققە يېتىپ بارىدۇ. مەسىلەن:

1996- يىلى ئەتىيازدا قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئايرىم جايلىرىدا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتە ئىككى جاينىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا "... قۇماندانلىق شتابى" دېگەندەك بىرنېمە قۇرۇپ چىققان. كەلگەن ياردەملەرنى تاپشۇرۇۋېلىش جەريانىدا نەپ تالىشىپ بىر - بىرىگە ئىتتەك ئېتىلىدىغان ۋەقەلەرمۇ كۆرۈلگەن. تەشۋىقاتتا كۆرسىتىلگەن نەيرەڭۋازلىقلار ئادەمنىڭ ھۆ قىلۇسىنى كەلتۈرىدۇ، يوقۇرىدىن كەلگەن خىتاي كاتىباش ئۇيغۇر بوۋاينىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ: "بوۋا، غەم قىلماڭ، پارتىيە بار،..." دەيدۇ. (ماۋ زېدوڭ تىيەنئەنمېن راۋىقىدا پەستىكىلەرگە قول پۇلاڭلاتقان مودا بويىچە) قول پۇلاڭلىتىدۇ. "مەن ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە پارتىيىنىڭ غەمخورلىقىنى ئېلىپ كەلدىم،..." دېگەندەك دەبدەبىلىك قۇرۇق گەپلەرنى يورغىلىتىدۇ. "ياردەم" بۇيۇملىرىنى باسقان ماشىنىلار "ئارقىسى ئۈزۈلمەي" كېلىۋاتقان، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ياردەملەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، تەسىرلەنگەن ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىۋاتقان... بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپ تەكرارلانغان، مەزىسى قالمىغان ساختا تەشۋىقات

كۆرۈنىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە خىتايلار غەزىنىدىن پۇل ئاجرىتىپ ھېرىپ كەتمەيدۇ. بەلكى، ”ئەمەتنىڭ دوپپىسىدا ھاشىمنىڭ بېشىنى خوش قىلىش“ تاكتىكىسى بىلەن، قۇرۇق گەپنىلا دەسمايە سېلىپ، ھېچنىمە چىقىم قىلمايلا ”ھەشقاللا“ غا ئۆزى ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر بىز تەشۋىقاتتا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزغا ئاساسەن بىر ”ئومۇمى ياردەم سانى“ جەملەپ چىقساق، بۇ شەرمەندە يالغانچىلىقنىڭ مېزى چۇۋۇلىدۇ. ”ياردەم بويۇملىرى“ نى بېسىپ ”ئارقىسى ئۈزۈلمەي“ كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللار، سانلىرى ئونمىڭ - يۈزمىڭلارنى بىرلىك قىلغان ياردەم پۇللار... نى قوشۇپ ھېساپلاپ كۆرۈڭ، ئاندىن شۇ رايوندىكى خەلققە خىيالىڭىزدا تەقسىملەپ بېقىڭ. شۇنداق نەتىجە يۈز بېرىدۇكى، ئەسلىدە نامراتلىقتىن مال قوتىنىدىن پەرقسىز بولغان ئۆيلەردە، چەللىلەردە ياشايدىغان بۇ خەلق مۇشۇ قېتىمقى ئاپەت باھانىسىدا بىراقلا ھاللىق بولۇپ قالغاندەك بىلىنىدۇ. چۈنكى، تەشۋىقاتتىكى ياردەمنىڭ سانى — ”پارتىيىنىڭ غەمخورلىقى“ شۇنداااق چوڭ - دە!

ئەمما ئەمەلى تەكشۈرۈشلەردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، پۇللار قاياققىدۇر غايىپ بولغان، ھېچكىمگە نەق پۇل بېرىلمىگەن. خۇددى سۈننەت تويىدا — خەتنىسى قىلىنغان بالا ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل ۋە سوغا - سالاملار ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن باشقۇرىۋېلىنىپ، ئۇ بايقۇشقا بىر نەچچە تال كەمپىت تۇتقۇزۇپ قويۇلغاندەك بىر ئىش يۈز بەرگەن. ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغان ئائىلىلەرگە بىرەر خالتا ئۇن ياكى بىرەر خالتا ئوغۇت بېرىلگەن يا بولمىسا ”ئېتىۋار باھادا سېتىپ بېرىلگەن“. باشقىلىرىغا ”پارتىيىنىڭ مېھرى - شەپقەت بىلەن سۇغۇرۇلغان ھال سوراش سالىمى“ لا تەككەن. تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەن ھېلىقى دەبدەبىلىك ياردەملەر قەيەرگە كەتتىكىنە؟! پارتىيە بۇ خەلققە ”شەپقەت ياغدۇرۇپ“، پەقەت ”بۇزۇلغان ئۆيلىرىنى ئوڭشىۋېلىش“، ”ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، ئاپەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىش“ كە يېتەكلەشتەك پەۋقۇلئاددە ”ياردەملەر“ نى قىلىپ كىشىنى «تەسىرلەندۈرىدۇ» خالاس. خىتاي كوممونىستلىرى

بولمىغان ئۇزاق ئۆتمۈشتىمۇ قانچىلىغان ئاپەتلەرنىڭ بولغانلىقىدا گەپ يوق، ئەنە شۇ زامانلاردا شۇ خەلققە ”كۆيىنىپ“، ”ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا يېتەكلەيدىغان“ بىر كىم يوق، بۇ خەلقنىڭ هالى نەلەر كەچكەن بولغىيدى؟ ئۆيىنى ”ئوڭشىۋېلىشقا رەهبەرلىك قىلىدىغان“ كوممونىست خىتاي يوق، شۇ پېتى ئۆيىنى ئوڭشاشنى بىلمەستىن تالادا ياشايدىغان بوپ قېلىشقانمىدۇ؟ دېگىنىز كېلىدۇ!

ئەهۋال ئەنە شۇنداق! بۇ ئەهۋالدا كىمكى هۆكۈمەت قولى ئارقىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بەرسە، نەپسانىيەتچىلەرگە ياردەم بەرگەن بولىدۇ. خىتاي سىياسىتىگە ياردەم بەرگەن بولىدۇ. يوقۇرىدا زىكرى قىلىنغان ۋەقەلەردە نۇرغۇن بايلار ئونمىڭدىن يۈزمىڭغىچە پۇل ئىئانە قىلغان. شۇنچە پۇلغا چىدىغان ئادەم يەنە ئون سوم كىرا پۇلغا چىداپ شۇ مەيداننىڭ ئۆزىگە بېرىپ، قېرىنداشلىرىغا ئۆز قولى بىلەن تارقىتىپ بېرىشنى ئويلىمىغان ياكى خالىمىغان. كىم بىلىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ مەقسىدى، قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىپ ئاللاهنىڭ رىزالىقىنى قازىنىش بولماستىن، خىتاي خوجايىنلىرىغا ئىسسىق كۆرۈنۈش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش يوللىرىنى ئېچىش بولىشى مۇمكىن! بۇنداق بولىدىغان بولسا نەقەدەر شەرمەندىلىك!

5. **كەمبەغەل تۇغقانلار، قۇلۇم ـ قوشنىلارغا بېرىلىدىغان ياردەم**

”**ماللىرىنى ئاللاهنىڭ رىزالىقىنى تىلەش ۋە نەپسلىرىنى** (سەدىقە ـ ئېهسانغا) **ئادەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەهرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى هەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەهرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان** (يەنى، قايسى هالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) **بىر باغقا ئوخشايدۇ** (دېمەك، بۇنداق خەير ـ ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدۇ) **ئاللاه قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**“ (سۈرە ”بەقەرە“ 265 ـ ئايەت).

لېكىن بىزدە بۇ خىل ياردەمنىڭمۇ تـوغرا نىيەتـتە قىلىنىـدىغىنى ناھايىتى ئاز. مىننەت، مەن مەنلىك قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تۇغۇلغانـدىن باشقا، سانىمۇ ئاز، سۈپىتىمۇ ناچار. خۇددى ئايەتتە سۆزلەنگەن:

**"ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل بولمايدىكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازنى خوشياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، (پۇل ـ مېلىنى) رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ"** (سۈرە "تەۋبە" 54 ـ ئايەت) غان تىپتىكى ئادەملەردۇر. ۋاھالەنكى، ئاللاھنىڭ بويرىقى قانداقلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بېرىدىغان پۇلىنىڭ ئازلىقى شۇ دەرىجىدىكى، بۇ بايلارنىڭ ئۆزلىرى ياكى بالىۋەچچى ئوغۇللىرى ئۈنچىلىك پۇلنى بىرلا جالاپقا خەجلىۋېتىشى مۇمكىن! ياكى ئۇلار بىرەر سورۇندا مەنمەنلىك بىلەن ئىچىملىك ئىچىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇلار بۇنداق سورۇنلاردا شۇنچىلىك مەرتكى، بۇ چاغدىكى ھالىتى ۋە خۇددى ئالۋاڭنى ئورۇنداۋاتقاندەك قېيىقلىق بىلەن يىلىلىق زاكاتنى ئايرىۋاتقان چاغدىكى ھالىتى تامامەن ئىككى ئادەمدەكلا تۇيۇلىدۇ. ئۇلار تۇغقانلارغا ياكى قوشنىلارغا بېرىلىدىغان پۇلنى بىرەر ئاممىۋى سورۇندا بەرمەيدىغان بولغاچقا، ئەنە شۇنداق قېيىقلىق قىلىدۇ. چۈنكى بۇنى خەلق كۆرمەي قالىدۇ ـ دە!

**"سەدىقىنى ئاشكارە بەرسەڭلار بۇ ياخشىدۇر؛ ئەگەر ئۇنى مەخپى بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ سىلەرنىڭ بەزى گۇناھىڭلارغا كەففارەت بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەلىڭلاردىن خەۋەرداردۇر"** (سۈرە "بەقەرە" 271 ـ ئايەت).

خۇددى شۇنداق، ئىسلام دىنىدا "يوشۇرۇن بېرىش" تېخىمۇ بەكرەك تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئىسلامدا تەشەببۇس قىلىنىدىغان "يوشۇرۇن بېرىش" نىڭ ئىلمىيلىكى شۇ يەردىكى، كەمبەغەللەر نومۇسقا قالمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن بىر كۈنلەر كەلگەنـدە ئۇلار "زاكات يېگەن قەلەندەرنىڭ ئەۋلادى" دەپ ھاقارەتلىنىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىز

دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە — ئاللاھنىڭ ئەمرىگە پىسەنت قىلماس بولۇپ كەتتۇق.

مۇشۇ ھالدا، كۆرسىتىشكە، داۋراڭ قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدىغان جىھاد ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولارمۇ؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلەۋاتقىنى ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئەمەس، زامانداشلىرىنىڭ ماختىشى.

## 6. **ھەج قىلىش مەسىلىسى**

ئاخىرقى مەسىلە، بايلىرىمىز، ھەتتا ئۆز ئېھتىياجلىرىدىن ئاران ئېشىنىدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ قىلىدىغان يەنە بىر ئىشى — ھەج قىلىشتۇر. ھەجنىڭ پەرزلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىسىمۇ، لېكىن قانداق پەرز؟ باشقا پەرزلەر بىلەن ئوخشاشلىمۇ؟ قانداق كىشىلەرگە پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە توغرا تەبلىغلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، توغرا چۈشەنچىمۇ يوق. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز ”ئىقتىسادى ئەھۋالى يار بەرگەنلەرگە ھەج پەرز“ دېگەندىنلا ئىبارەت. سىياسى ئەھۋال ھەققىدە ھېچكىم ئويلاپ كۆرمىگەن. سىياسى ئەھۋالنىڭ يار بېرىش - بەرمەسلىكى تېخىمۇ مۇھىم شەرتتۇر. ھەج پەرز ئەيىن، شۇنداقلا شەرتلىك ھالدا پەرز كۇپايە. يەنى، قېرى، ئېغىر كېسەل ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن باشقىلار ۋاكالىتەن قىلىسىمۇ بولىدۇ. بۇ نوقتىدىن تەبىئىكى، باشقا پەرزلەردەك ”شەرتسىز، كەسكىن ھەم جىددى“ ئەمەس، بەلكى، شەرتلىكتۇر. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ پەرزدە ”شەرت“ نىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ئۆزىلا مەسىلىنىڭ تۈگۈنىدۇر. ئىقتىسادي ئەھۋال، يولنىڭ ئەمىنلىكىدىن باشقا سىياسي شەرتنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. يەنى ھۆر بولمىغانلار ئۈچۈن بىرىنچى پەرز ھۆرلۈكتۇر. بولۇپمۇ بىزدەك دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قۇللۇقىدا بولۇشتەك مۇسۇلمانلىقنىڭ شەنىگە ھاقارەت بولىدىغان قۇللار ئۈچۈن ھۆرلۈكنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە باسالمايدۇ! دېمەك، بىز قۇلمىز. قۇل ئۈچۈن ھەجنىڭ پەرز بولمىغانلىقى — ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىنىڭ

قىممىتىنى (ھازىرقى زاماندىكى ئاتالغۇ بويىچە ”كىشىلىك ھوقۇق“ نى) نەقەدەر يوقۇرى قۇيۇدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**”شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق. ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا** (ئۇلاغلارغا) **مىندۇردۇق، دېڭىزدا** (كېمىلەرگە) **چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزقلاندۇردۇق. ئۇلانى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق“** (سۈرە ”بەنى ئىسرائىل“ 70 ـ ئايەت).

بۇ ئىلمىي دىن باشتىن ـ ئاخىر بىر ئىزچىللىقتا ئىگىكى، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى جىمى مەخلۇقاتتىن ئۈستۈن قىلىپ ياراتقانلىقى (ھەتتا پەرىشتىلەرنىمۇ ئادەمگە سەجدە قىلدۇرغانلىقى) بىلەن بىردەكتۇر. شۇ سەۋەپتىن قۇلغا ھەج قىلىش ئەمەس، قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش (ئىنسانلىق قەدىرىيىتىنى، ئەزىزلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش) پەرزدۇر. بولۇپمۇ ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ كەلىمىسى بىلەن ئاللاھقا تەسلىم بولغان مۆمىنلەرنىڭ كاپىرلارغا ھەم ”تەسلىم“ ھالدا بولىشى ئىسلام روھىغا تۈپتىن خىلاپ بولغان شەرمەندە ئىشكى، بۇ كەبى شەرمەندىچىلىك بويۇندىن ساقىت بولماي تۇرۇپ، ھەج قىلىش بىمەنىلىكتۇر، كۈلكىلىكتۇر!

**”ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان** (باقاسى يوق) **شەيئىلەردۇر؛ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي** (يەنى، جەننەت) **باردۇر** (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)**“** (سۈرە ”ئال ئىمران“ 14 ـ ئايەت).

**”ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە** (يەنى، مېلىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) **ھەرگىز ياخشىلىققا**

(يەنى جەننەتكە) **ئېرىشەلمەيسىلەر،** (ئاللاھنىڭ يولىدا) **نېمىنى سەرپ قىلماڭلار ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر“** (سۈرە ”ئال ئىمران“ 92 ـ ئايەت).

يوقۇرىقى ئايەتلەردە مال - دۇنيانى سۆيۈش، مال - دۇنياغا قىيالماسلىق روھى ھالىتىمىز ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئايەتلەردىن سەدىقە قىلدۇق (ئىئانە قىلدۇق) دەپ ئۆتمىگەن ماللىرىمىزنى بېرىشتەك ناچارلىقىمىزمۇ ئالدىن تەسۋىرلەپ بېرىلگەندۇر. بۇ ئايەتلەردىن بىز يەنە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ ھىس قىلىپ يېتەلەيمىز. تۆۋەندىكى ئايەت ئەنە شۇ ھىسسى چۈشەنچىمىزنى كۈچەيتىدۇ: **”پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنۇچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا** (كامىل) **مۆمىنلەردۇر“** (سۈرە ”ئەنفال“ 2 ـ ئايەت).

يوقۇرىقى تەشەببۇسلىرىمىزنىڭ خۇلاسىسى نېمە ئىكەنلىكى بەلكىم ئەزىز ۋەتەنداشلىرىمىزغا، ئاللاھقا چىن ئىشەنگەن مۆمىنلەرگە ئايان بولغان بولىشى مۇمكىن. گەپنىڭ قىسقىسى بىز ئۈچۈن ھازىرقى كۈندە پۇل خەجلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئىش، ***بىرىنچىدىن جىھاد! ئىككىنچىدىن جىھاد! ئۈچىنچىدىن يەنە جىھادتۇر!*** ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، مەسجىد سالغىنىمىز بىلەنمۇ ئۇ مەسجىدلىك نامىنى، رولىنى ۋە ھالىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، مەسجىد قەۋمى (مۆمىن قېرىنداشلىرىمىز) مۇ مۆمىنلىك سۈپىتىنى، مىللى خاسلىقىنى ساقلاپ، نەسلىنى داۋام قىلالمايدۇ. بۇ ئىككى جەھەتتىن شۇنداق: بىرى، يۇرتىدا ئاللاھنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ دۈشمىنى تۇرسا، جىھاد قىلماستىن ”سەبىر“ قىلىپ بىللە تۇرىۋەرگەن كىشى مۆمىن ئەمەس؛ يەنە بىر جەھەتتىن دۈشمەن باش ئەگكەن ئەلنى يا قىرىپ تۈگىتىدۇ، يا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ (مىللى سۈپىتىنى ئۆزگەرتىپ) تۈگىتىدۇ. يولىمىز كۆۋرۈكلىرىمىزگىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلالمايمىز... خۇددى تارىختىكى ئەندىلۇس بۈگۈنكى ئىسپانىيىگە ئايلانغان، ئۇ يەردىكى

مەسجىد ۋە باشقا ئىسلامغا خاس، مۇسۇلمانلىققا خاس ئىزنالار يوق قىلىنىۋېتىلگەندەك يوق قىلىنىدۇ... ھەجگە بېرىش توغرىسىدا خىيال قىلىشمۇ تەس بولۇپ قالىدۇ.

شۇنى ئىسىمىزدە تۇتايلىكى، پەيغەمبىرىمىز، ئۇستازىمىز ۋە رەھبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرىدە 19 قېتىم جىھاد قىلغان، ھەتتا يارىدارمۇ بولغان، ئەمما پەقەت بىر قېتىملا ھەج قىلغان (ھەججەتۇلۋىدادىن باشقا ھەج قىلمىغان). ئەمما بىزنىڭ بەزى بايلىرىمىز ھەر يىلى بارىدۇ، بىرنەچچە قېتىم ئۇدا بېرىۋاتقانلارمۇ بار. بىزنىڭ مەنىۋى ئۈلگىمىز رەسۇلۇللاھ (س. ئە. ۋ)ئون توققۇز قېتىم ھەج قىلغان ئەمەس، بەلكى جىھاد قىلغان! مانا شۇ ئۈلگىنى دورىشىمىز كېرەك! ھەدىس: ”**شۇبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون توققۇز قېتىم جىھاد قىلغان، ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن بىر قېتىم ھەج قىلغان،** (مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن) **ھەججەتۇلۋىدادىن باشقا ھەج قىلمىغان**“ («مۇسلىم»).

### 7. ئاخىرقىسى، پۇل سەرپ قىلىشنى ئۆزىنى قاچۇرۇش مەسىلىسى

ئايەتتە شۇنداق دېيىلىدۇ:

”**شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا** (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) **بۇيرۇيدۇ؛ ئاللاھ سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**“ (سۈرە ”بەقەرە“ 268 - ئايەت).

دەل شۇنداق، شەيتان پېقىرلىقتىن قورقۇتقانلىقتىن، گۇيا ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل سەرپ قىلسا پۇلى تۈگەپ كېتىدىغاندەك ئەنسىرەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمەيدۇ! پېقىرلىقتىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق! چۈنكى، ئالدىنقى سەھىپىلەردە كەلتۈرۈلگەن دەلىللىرىمىزدە ئاللاھنىڭ جەننەتتە بىر قامچا دەستىسىچىلىك جاينى بەرگەنلىكى بۇ دۇنيادا مەۋجۇت نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بەرگىنىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانىدۇق. جەننەتكە لايىق ئەمەل

قىلغانلارنى قانداقمۇ پېقىر دىگىلى بولسۇن؟ كاپىرلارنىڭ تۇرمۇش ھالىتى مۆمىنلەرنى مال ـ دۇنياغا قىزىقتۇرۇپ، توغرا يولدىن چىقارسا بۇ دەل شەيتاننىڭ غەلىبىسىدۇر. كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادا ھايۋانلاردەك يەپ ـ ئىچىش، مەئىشەت سۇرىشى كىتابۇللاھتا بەلگىلەنگەن ئىشتۇر:

"... **كاپىرلار** (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) **بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ.** (ئاخىرەتتە) **ئۇلارنىڭ جايى دوزاق بولىدۇ**" (سۈرە "مۇھەممەد" 12 ـ ئايەت).

ماددى مەئىشەتكە بېرىلىش كاپىرلارغا خاستۇر. مۆمىننىڭ ئىشى — ئاللاھ رىززالىقىنى قوغلىشىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ناھايىتى پېقىر ئۆتكەن: "**ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە ئاي ـ ئايلاپ ئوت يېقىلمايتتى، بۇ ئائىلىنىڭ يەيدىغىنى پەقەتلا خورما بىلەن سۇ ئىدى›** " («مۇسلىم»).

"**ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن كەتكىچىلىك ئائىلىسىنى ئۇدا ئۈچ كۈن تويغۇزۇپ باقمىغان›**"(«مۇسلىم»).

رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) ئۆززىنىڭ پەيغەمبەرلىك ئورنى ۋە جامائەت ئىچىدىكى ھۆرمىتىدىن پايدىلىنىپ مال ـ دۇنيا توپلاپ، ئەيش ـ ئىشرەت سۈرمىگەن. ئاددى - ساددا ياشىغان. ئى، مۆمىنلەر، پەيغەمبىرىمىز (س.ئە. ۋ) نى ئۈلگە قىلايلى، پېقىرلىقتىن قورقۇپ كەتمەيلى! ھۆرلۈك ئەڭ زور بايلىق!

ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىنغان پۇلنىڭ ئەجرىگە ئاللاھ قانداق جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېسىمىزگە ئالايلى.

## يەتتىنچى باپ

# دىنىمىزدا سىياسى كېلىشىملەرگە قانداق قارىلىدۇ؟

ئەگەر ئاللاھنىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن ئىمانىمىز كۈچلىنىپ، جىھاد ئۈچۈن جۇرئەتكە كەلسەك ۋە ۋەتىنىمىز تۇپرىقىدا جىھاد باشلانسا نۇرغۇن تاكتىكىلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. بىز ئەزەلدىن بۇ خىلدىكى مەسىلىلەرگە سەل قاراپ كەلدۇق. ياكى يېنىكلىك بىلەن، يۈزە، ھىسسى چۈشەنچىمىز بويىچە بىر تەرەپلىمىلىك خاتالىقى ئۆتكۈزدۇق. نەتىجىدە ھەرىكىتىمىز كىرىزىسقا دۇچ كېلىپ، كۆرەشلىرىمىزنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەپ بولۇپ قالدى. بۇ — سىياسى كېلىشىم مەسىلىسىدۇر

مۇشۇ ئەسىر ئىچىدىكى كۆپ قېتىملىق ئىنقىلاپلىرىمىزنىڭ مەغلۇبىيىتىدە سىياسى كېلىشىمدىكى دۆتلۈكنىڭ رولىمۇ ناھايىتى چوڭ. بىز تارىختا خىتايلارنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق خەۋپلىك دۈشمەن ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونىمىغىنىمىز ئۈچۈن، دۈشمىنىمىزنى سەل چاغلىدۇق؛ ئەكسىچە، باشقا كېلىشكىلى بولىدىغان كۈچلەرنى تېخىمۇ خەتەرلىك دۈشمەن ھىساپلىۋالغىنىمىز ئۈچۈن ئەكسى نەتىجە كېلىپ چىقتى. شۇڭا ھەر قاچان ئىنقىلاپتا دۈشمەننى، بولۇپمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ خەتەرلىك گورۇھنى ئېنىق تونۇش، يەتمەكچى بولغان نىشاننى ھەم ئېنىق بىلىۋېلىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا قوشنىلار ۋە باشقا ئارىلىق كۈچلەر، مۇناسىۋەتلىك

ھاكىمىيەتلەر بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتتە تاكتىكا خاتالىقىدىن خالى بولالمايمىز. نەتىجىدە ئىنقىلاپلىرىمىز نۇرغۇن ياردەمدىن مەھرۇم بولۇپ، يېتىم قالىدۇ.

نۆۋەتتە بۇ مەسىلىگە يەنە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن بۇنى بىزنىڭ نادان خەلقىمىز ھە، دېگەندە چۈشىنەلمەي، تەتۈر گەپلەرنى تارقىتىپ (جاسۇسلارمۇ بۇ جەھەتتە ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ)، تەشكىلات رەھبەرلىرىنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرىدۇ. مەسىلەن: نۆۋەتتە بىزنىڭ كۆرىشىمىز تىبەتلىكلەر بىلەن، موڭغۇللار بىلەن، مانجۇلار بىلەن، ھەتتا كوممۇنىزىمغا قارشى دېموگرات خىتايلار بىلەن (ئەگەر ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئەسلىدە مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ھازىر مۇستەملىكە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسا) ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسى تۈزىدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىشۋاتىدۇ (بۇ جەھەتتە دەسلەپكى ئىزدىنىشلەر بولۇندى). بۇ ھال خەلق ئىچىدە ”كاپىرلار بىلەن بىرلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ“ دېگەن ئىنكاسنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن (بۇنداق ئىنكاسلار ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئېقىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بەلكىم خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ ئوينىغان رولى بولۇشى مۇمكىن). بۇ خىل ئىچكى كېلىشمەسلىك (خەلق بىلەن سىياسىيونلار ئارىسىدىكى زىددىيەت) دۈشمىنىمىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز يوچۇقتۇر. ئۇلار جاسۇسلارنى ئىشقا سېلىپ (”ساپ مۇسۇلمان“ تونىغا ئورۇنىۋالغان ھالدا) بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنى كۈچەيتىپ، خەلق بىلەن سىياسىيونلارنى ئايرىۋېتىش، تەشكىلاتلارنى خەلقنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قىلىپ يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن جىددى ئورۇنماقتا. قېرىنداشلىرىمىزنى ئاگاھلاندۇرىمىزكى، دۈشمەننىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ، ئارىمىزنى بۇزمايلى! ھەربىر ئاددى پۇخرا سىياسىنى چۈشىنىدىغان بولسا سىياسەت بەك ئاددى نەرسە بولۇپ قالاتتى. شۇنى بىلىش كېرەككى، سىياسى ناھايىتى مۇرەككەپ بىر پەن، ئۇنى ھەممە ئادەم چۈشىنىۋەرمەيدۇ. شۇڭا

ھەربىرىمىز ”داھىلىق“ قىلىپ، ئاقساقاللىق بىلەن بىلمىگەن ئىشقا ئارىلىشىپ، سىياسىيونلارنىڭ تاكتىكىلىق پىلانلىرىنى بۇزساق بولارمۇ؟

ئىنقىلاپ شۇنداق نەرسىكى، ئىنقىلاپنىڭ مەلۇم مەقسىدى بولىدۇ، بىرىنچى باسقۇچلۇق مەقسىتى بولىدۇ، كېيىنكى مەقسىتى بولىدۇ، ئاداققى مەقسىتى بولىدۇ. ئالدى بىلەن بىرىنچى نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىش، ئاساسى دۈشمەننى تونۇۋېلىش لازىم. ئاندىن ئاشۇ نىشان ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى كۈچلەردىن ئىتتىپاقداش سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ مۇشت ئېتىپ دۈشمەننى كۆپەيتىۋېلىش ناھايىتى خاتادۇر.

”كاپىر بىلەن بىرلىشىش“ دېگەن ئاتالغۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاڭلىماققا قوپال، قوبۇل قىلغۇسىزلا بىر سۆز؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىلەر قەستەن ”كېلىشىم“ ئىبارىسىنى ”بىرلىشىش“ دەپ يەڭگۈش قوللىنىپ، ئۆز پىتنىسىگە ماسلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ يېقىمسىز بىر تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغان. كاپىرلارغا قارشى كۆرەش قىلىدىغان مۆمىن بىلەن ئۇلار ئارىسىدا بۇنداق تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ”يېقىنلىق“ نىڭ بولىشى ھەقىقەتەنمۇ خاتادەك قىلىدۇ. لېكىن، ئىسلام دىنى ھەق دىندۇر، ئىلمىيدۇر، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندۇر. شۇڭا دىنىمىزدا بىز زىكرى قىلىۋاتقان كېلىشىملەرگە يول بار. رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) مۇ دۈشمەنلەشمىگەن كاپىرلار بىلەن ئۆزئارا چېقىلماسلىق توغرىسىدا كېلىشىملەر قىلغان ۋە بۇ كېلىشىملەرگە سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلغان.

**”كۇففارلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ“** (سۈرە ”مۇمتەھىنە“ 8 ـ ئايەت).

**”ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، مۇئاھىدىگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ**

**مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقىچە رىئايە قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ“** (سۈرە «تەۋبە»4 ـ ئايەت).

بۇ جىھادنىڭ پەرزلىكى ھەققىدىكى بابىمىزدا ئىسلام دىنىمىزنىڭ جىھاد تەشەببۇسى قانداقتۇر ئۇرۇشخۇمارلىقتىن ئەمەسلىكىنى، چېقىلغانغا چېقىلىش، يۇرتىمىزدىن بىزنى سىقىپ چىقارماقچى بولغانلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئىكەنلىكىنى ئازراق قىستۇرما قىلغانىدۇق. يوقۇرىدا نەقىل قىلىنغان ئايەتلەر بىزنىڭ بۇ قارىشىمىزنى تېخىمۇ دەلىللەيدۇ. يەنىمۇ ئ.وچۇق دەلىل شۇكى: **”ئەگەر ئۇلار تېنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تېنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن... “** (سۈرە ”ئەنفال“ 61 ـ ئايەت).

بىز ئەگەر ختاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئومۇمىي ھەرىكەت قوزغايدىغان بولساق، شۈبھىسىزكى، ختايلارنىڭ مىللى زۇلۇمىدىن يىغان چەككەن باشقا مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە ھىسداشلىق قىلىشى، بىز بىلەن ھەمكارلىشىش نىيىتىدە بولىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا بىز ئۇلارنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپ دۈشمىنىمىزنى كۆپەيتىۋالىمىزمۇ؟ بىز شۇ دەرىجىدە كۈچلۈكمۇ؟ تاشقى جەھەتتىن بەزى قۇدرەتلىك دۆلەتلەر قۇرۇلغۇسى دۆلىتىمىزدە مەلۇم ئىمتىيازغا ئېرىشىش (كان ئېچىش، كارخانا قۇرۇش، سودا ھوقۇقىغا ئېرىشىش قاتارلىقلار) تاماسىدا بىزگە ياردەملىرىنى تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن (چۈنكى، بىكاردىنلا ياردەم بېرىدىغان، باشقا بىرى يەنە بىرىنىڭ ۋەتىنىنى ئازات قىلىپ قويىدىغان ئىش يوق!). ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ھەقىقىي چۈشەنمىسەك قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز!

يۇقۇرىدا بايان قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىز بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق يوسۇندا دۈشمەنلەشمىگەن، ئەكسىچە، دۈشمىنىمىزگە دۈشمەن بولغان، يات دىنىدىكى مىللەتلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش مەسىلىسىدۇر. ئاللاھنىڭ كالامىدا ھەتتا دۈشمەنلەشكەن كاپىرلار

دۈشــمەنلىكنى توختاتــسا ئــۇلار بىــلەن داۋاملىــق دۈشمەنلەشمەسـلىك بۇيرۇلغاندۇر: **"تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ"** (سۈرە "بەقەرە" 193 ـ ئايەت).

بۇنــدىن باشــقىمۇ نۇرغــۇن ئــايەت ۋە ھەدىــسلەردىن دەلىـــل كەلتۈرۈشــىمىز مــۇمكىن. ھەدىــس ۋە ئىــسلام تارىخىــدىن ئــاز ـ تــولا خەۋەردارلارغا مەلۇمكى، رەسۇلۇللاھ (س.ئە. ۋ) كاپىرلار بىلەن كۆپ قېتىم ئوخشىمىغان مەزمۇنلاردا، ھەتتا تەڭسىز شەرتنامىلەرنىمۇ تۈزگەن. بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، نورمال پىكىر قىلالايدىغان قېرىنداشلىرىمىزغا شۇلارنىڭ ئۆزى كۇپايە، دەپ ئۇيلايمىز. كىمكى ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قايغۇدا بولىدىكەن، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ، زىدىيەت تېرىيدىغان، دۈشمەننى كۆپەيتىدىغان، ئارىنى بۇزىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ يۈرمەيدۇ. بىرلىكنى ساقلاش پەرزدۇر. ھەر ئادەمنىڭ ئىستىراتېگىيە ۋە تاكتىكىدىن خەۋىرى بولىشىمۇ ناتايىن، شۇنداقلا باش قاتۇرۇشىمۇ ئارتۇقچە، ئاۋامنىڭ بۇرچى ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشتۇر.

**"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار"** (سۈرە "نىسا" 58 ـ ئايەت).

مانا بۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى، لېكىن بىز بۇنى بىلمەيمىز. ھەممىمىز ئۆزىمىزگە باشقىلارنىڭ ئىتائەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلساق كېرەك. ھەممە ئــۆز گېپىنــى يورغىلىتــىپ، ھــازىرغىچە بىــر قەدەر بىــرلىككە كەلــگەن قوماندانلىق، بىر مەركەز ھاسىل قىلالمىدۇق (بولۇپمۇ چەتئەللەردىكى ئەھۋالىمىز بۇ جەھەتتە ئەڭ رەسۋا ھالدا). ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا (ھەججەتۇلۋىدادا خۇتبە ئوقۇۋېتىپ) بىزگە شۇنداق خىتاپ قىلغانىدى: **"ئەگەر سىلەرگە بىر(زەنگى) قۇل باشلىق بولسىمۇ، سىلەرنى**

**كىتابۇللاھ ئارقىلىقلا باشقۇرىدىكەن، سىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە بويسۇنۇڭلار“** («مۇسلىم»).

## سەككىزىنچى باپ

# مىللى پىسخىكىمىزدىكى كېسەللىكلەر

دىنىي ئەقىدىمىزنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلامدا تەشەببۇس قىلىنىدىغان ئۆملۈك روھى — جامائەتچىلىك ئېڭى سۇسلاپ، شەخسىيەت ئەۋج ئالدى. ئەسلى قەدىمىي تۈرك روھىدىكى ئومۇمىيەتچىلىك (بارنى تەڭ كۆرۈش) ئەنئەنىسى، تەشكىلچانلىق ئەنئەنىسى چۆكۈپ، ئورنىدا "مەن" نى مەركەز قىلغان چېچىلاڭغۇلۇق ئۆنۈپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەشكىللىنەلمەيدىغان بىر هالغا كەلدۇق، تەشكىللىنىش ئۈچۈن بىر "مۇما" (نوپۇز) بولۇش، باشقىلار شۇ "مۇما" نى چۆرىدىگەن هالدا توپلىنىش كېرەك بولسا، بىزدىكى شەخسىيەتچىلىك ئېڭى بۇنىڭغا ئىمكان بەرمەس بولدى. شۇنىڭ بىلەن هەر بىرىمىز بىردىن "داهى" غا ئايلاندۇق.

هەر بىرەيلەن "داهى" بولۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىمىز ـ يۇ، ئۆزىمىزدە شۇنىڭغا يارىشا سالاهىيەت، قابىلىيەت، پەزىلەت بار ـ يوقلىقى بىلەن هېساپلاشمايمىز، ئۆزىمىزنى دەڭسەپ باقمايمىز. ئارىمىزدا تالانتلىق ناتىقلار يوق. ئاللىقانداق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ "داهى" بولىۋالغان ۋە كەلگۈسىدىكى جۇمهۇر رەئىسلىكنى تالىشىدىغان رىقابەتچىلەر سېپىدىن ئورۇن ئالغانلارنىڭ تېخى ئالتە ئادەمنىڭ ئالدىدا تۆرت ئېغىز گەپنى كىلىشتۇرۇپ قىلالىغىنىنى كۆرگىنىمىز يوق (مەملىكەت ئىچىدە سۆزلەش ئىمكانى يوق، نەزەردە تۇتقىنىمىز چەتئەللەردە). چوڭقۇر

مۇلاھىزىلىرى بىلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان سىياسى ماقالە، ئىستىراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىلىرى بويىچە بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، سىياسىيونغا خاس تالانت چاقناپ تۇرغان ئەسەرلەرنى كۈتۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس! "كۆتۈمدە ئىشتان يوق، ئېتىم مارجانبۇۋى" دېگەندەك، قورساقتىكى ئۇماچقا قارىماي ئىشتاھالىرىنىڭ بۈيۈكلىكى ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى "چوڭ بىرلىشىش" كە چاقىرىپ ماقۇلغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ، بۇ ئاسمانغا پىيادە چىققاندىنمۇ قىيىن بىر ئىش!

چەتئەللەردە "ۋەتەننى قۇتقۇزىۋالغۇچى" تەشكىلاتلارنىڭ كۆپلىكىدىن ئائىلە بېشىغا بىردىن توغرا كەلگىلى تاسلا قالىدۇ. تېخى بۇلارنىڭ ھەربىرىدە بىر نەچچىدىن "داھىي" بار. ھەربىرسى ئۆز ئۇچەكلىرىدە يېتىپ پات - پات "ئىئانە!" دەپ چىرىلدايدۇ. ھەتتا بەزى "تەشكىلات" لار ئىئانە توپلاشتا خەلقنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، كۆپرەك پۇل ئۇندۇرىۋېلىش ئۈچۈن، ۋەتەن ئىچىدە قان ۋە جان بېرىپ، قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقانلارنى "بىزنىڭ ئادەملەر، ئاشۇ ئىشلارنى بىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز بويىچە قىلىۋاتىدۇ" دەپ، قىلچە خىجىل بولماستىن يالغان ئېيتىدۇ. بىچارە خەلقنىڭ ئاران تاپقان پۇللىرىنى قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئالداپ ئېلىپ قىلىدىغىنى نېمە؟ ھېچنىمىنى ھەل قىلالمايدىغان، بىرەر يېڭى شەيئى ئوتتۇرىغا قويۇلمايدىغان، بىر - بىرلىرىنى رەئىس، باش كاتىپ، يەنە ئاللىقانداق بىر نېمىلەرگە سايلاش بىلەن ئاخىرلىشىدىغان قۇرۇلتايلارنى ئېچىش — مانا بۇ ئاساسى "ۋەتەنپەرۋەرلىك" پائالىيەتلىرىدۇر. "ئۆي ساپتۇ تاشتىن، يەنە ئېيتاي باشتىن" دېگەندەك ھەر قېتىملىق قۇرۇلتايلىرىدا گۇيا ئەمدىلا ھەقىقىي بىر قوماندانلىق مەركىزى قۇرۇپ چىقىلغاندەك، مانا شۇنىڭ بىلەنلا ئىشلار يۈرۈشۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما، ئەنە شۇ "دۇنيادىن" نېرى، ئىنسانلىق ئالىمىگە بىلىنمىگەن بولۇۋدىكى نىمجان دەبدەبە ئۆتۈپ كەتكەندە قارايسىزكى، ھەممە ياق جىم! ھېلىقى يۈرۈشۈپ

كېتىشى كۆتۈلگەن ئىشلاردىن ئىزنامۇ يوق، سادامۇ يوق، ئەسەرمۇ يوق! ئاندىن كېيىن بولىدىغان بىردىن - بىر ئىش — قۇرۇلتاي ياكى يىغىن ھەققىدىكى خەۋەر - ئاخباراتلارنى مەزمۇن قىلغان (تېخىمۇ توغرىراقى "داھى" لىق ھەققىدىكى ئېلان دېسىمۇ بولىدىغان) بىرەر پارچە ژورنال ياكى گېزىت (قەرەلسىز) بېسىلىپ چىقىدۇ (بۇ خەۋەرلەرمۇ بەك كېچىككەچكە قىممىتى تۈگىگەن، قىلچە يېڭىلىق ھېس قىلىنمايدىغان بولىدۇ). گېزىتتىكى فوتو سۈرەتلەردىن رەئىس سەھنىلىرىدىن ئورۇن ئالغان "داھى" لىرىمىزنىڭ "يارقىن ئوبرازى" نى كۆرۈش مۇمكىن. ئۇندىن باشقا شۇ يىغىن ياكى قۇرۇلتاي جەريانىدا قىلىنغان نامايىشنىڭ "جانلىق كارتىنىسى" بولغان يەنە بىرەر پارچە رەسىمنى كۆرىسىز: ئۇنىڭدا ياخشى ياسانغان (ئاياللىرى ياۋروپا مودىسىدا، ئىسلامغا يات فورمىدا بولغىنىدىن سىرت، ئۇلارنىڭ تۇرقى - لاتاپىتىدىن بەختىيارلىق پارلاپ تۇرىدۇ)، بايراق، لوزۇنكىلارنى تۇتقان ھالدا ھەزىلكەشلەردەك، (ۋاللاھۇئەلەم)، يېڭىلا بىر - بىرى بىلەن قىزىق چاقچاقلىشىپ، شۇ چاقچاقنىڭ يۇمۇرلۇق تۇيغۇسىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقاندەك كۈلكە چىراي ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ بۇلارنى "ۋەتىنى مۇنقەرز بولغان، نارازىلىق بىلەن ئىسيان قىلىپ چىققانلار" دېيىشكە پېتىنالماي قالىسىز. خۇددى تويى بولىۋاتقاندەك بەختىيار چىرايى، مەتۇلاردەك تاشقى ئىپادىسى ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى بىلەن قىلچە ماس كەلمەي، بۇ ئىشلارنى گۇيا كوللىكتىپنىڭ ئالۋىڭنى ئورۇنلىغاندەك بىر خىل روھى ھالەتتە قىلىۋاتقانلىقى، چىن يۈرەكتىن قايناپ چىققان ۋەتەن مۇھەببىتى ۋە دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىك ھەم نەپرەت قىيانىنىڭ بەس كەلگۈسىز مەۋج ئۇرىشىدىن تۇغۇلغان تەبىئى ھەرىكەت ئەمەسلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ چىرايلار ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدۇ. بۇ "داھىلار" نىڭ تالانتى شۇ دەرىجىدىكى، ئۇلار نارازىلىق ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ كەيپىيات مەسىلىسى قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلگىدەك ھالدا ئەمەس. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى

”ئۆگزىگە چىقىۋالساق ئىتتىن قورقمايمىز“ دېگەندەك، بىخەتەر جايدا قىلىنىۋاتقان ”مودا ۋەتەنپەرۋەرلىك“ بولغاچقا، ھەم خەتەر تۇيغۇسىدىن تۇغۇلغان تەدبىرچانلىق يوق، ھەم نەپرەتنىڭ نەشتىرى يۈرەككە سانچىلغان ھالدا بولمىغاچقا گويا كىنودا رول ئالغاندەك، رەڭۋازلىققا يېقىن، تېخىمۇ مۇھىمى يېتەكچى ئىدىيە — نەزەرىيىۋى ئاساس — نىڭ تايىنى بولمىغان تەرتىپسىز ھەرىكەتتۇر.

”داھى“ لارنىڭ قىلغان يۇغان ئىشى ئەنە شۇ بولۇش بىلەن، ئاغزاكى تارقىلىپ، قىزىقى تۇ´گىگەندە (ئۇزۇن بىر مەزگىل ئۆتكەندە) يېتىپ كەلگەن بۇ گېزىت (ياكى ژورنال) دا ئوقۇغان ئادەم بىلىۋالسا پىكرى ئېچىلىپ، تەسەۋۋۇرىغا، سىياسى چۈشەنچىسىگە ئىلھام بولىدىغان ھېچ بىر يېڭىلىق، خەلققە ئۈگىتىم خاراكتېرىدە بىر نېمە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەتبە بۇيۇملىرى يەنە شۇنى رۇشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئۇلاردا ئەقەللى ئۇيغۇر تىلى ساۋادى بارلارنىڭمۇ تايىنى يوق. بۇ مەتبە بويۇملىرى ۋە باشقا قول يازما بېسىلما بويۇملار ئۇيغۇر تىلىغا يات بىر فورم، يات بىر شەكىل، يات سۆزلەر بىلەن تىلىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى بۇزۇشتىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز ”تۆھپىلەر“ قوشىۋاتىدۇ. كەتكەن پۇلغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. لېكىن، بۇ بىچارە غىڭشىلداشلارنىڭ بايانامىسى بولمىش بېسىلمىلار توختاپ قالسا ”داھىلار“ نېمىنى دەستەك قىلىپ ئىئانە توپلايدۇ؟ ئۇ بىچارىلەرگىمۇ تەس - تە!

بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا رۇس فورمىسىدىكى جۈملىلەر تىلىمىزنى نۇقسانغا تولدۇرىۋاتقانلىقىنى ئېچىنىش ئىلكىدە كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. ”داھىلار“ بۇ گېزىتلەردە تالىشىپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئۇلار ۋەتەننىڭ نامى نېمە بولىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا تېخىچە پۈتۈشەلىگىنى يوق! بىر قەدىمقى دۆلەتكە (كوممونىستلار ئىزىدىن) يېڭى ئىسىم كەشىپ قىلىپ ئاۋارە بولىدىغان ”كەشپىياتچى“ لارنىڭ ”ھارماس - تالماس“ غەيرىتى ئادەمنى ”تەسىرلەندۈرىدۇ“. قۇللۇق روھى ھالىتىدىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالمىغان — مۇستەملىكىنىڭ لەنەت تامغىسى ”مۇبارەك ئىسمى -

شەرىپى“ نىڭ قويرۇقىدا مەرەزدەك چاپلىشىقلىق تۇرغان بۇ ئادەملەر، بۇ رۇس قوشۇمچىلىرىنى بەلكىم قالتىس ئادەملەردىلا بولىدىغان ئۇنۋان دەپ چۈشىنىۋالسا كېرەك، ئەسلى مۇسۇلمانىنىڭ پۇشتىدىن تامغان بۇ ئىنقىلاپچىلار (مىللەتچىلەر؟) ھېلىغىچە (مۇستەملىكە گۇمران بولغىنىدىن يەتتە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈنگىچە) ”...ۋۋ“، ”...يېۋ“ قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش خىيالىغا كەلمىگەن، مۇستەملىكە دەۋرىنىڭ شەرەپ ئوردىنلىرىنى تاقاشنى ئار ساناشنى ئويلىمىغانۇ، يەنە ئۆزلىرىنى مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى دېيىشتىن خىجىل بولمايدۇ.

شۇ ئەھۋالغا باقماي، ھېچ تارتىنماستىن ”داھى“ لىق تاماسىدا بولۇشلىرى ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدۇ. ۋەتەن خەلقى بۇنداق تېنچلىقنى بۇزۇپ، سۇنى لېيىتىپ بېرىشتىن باشقا رولى بولمىغان ”داھى“ لارنى سۆيمەيدىغانلىقىنى، ئۇلار ئويلىمامدىكىنە؟ بۇ بىچارە ”داھى“ لار كۈچى يەتمەيدىغان يۇغان ئىشلارغا ئېسىلماي، راستىنلا خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، ۋەتەنگە پايدا يەتكۈزۈش نىيىتى بولسا يىراقتا كەتمەي، قورۇق گەپلەرگە چىقىم قىلىپ يۈرمەي، بۇرنىنىڭ تۈۋىدە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن خىزمەت بار، شۇلارنى قىلسۇن. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ”ئازاد قىلغۇچى“ تەشكىلاتلار، پارتىيىلەر ۋە يەنە باشقا (ئىسمىنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ئاتىۋالان) گۇروھلار شۇ يەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى، بولشۇۋىكلەر تەرىپىدىن يوق قىلىنغان ياكى بولغاپ تاشلانغان دىنى ۋە مىللىي ئەنئەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ئىمانىنى كۈچەيتىشنى،... دەسلەپكى نىشان سۈپىتىدە تۇتۇپ ئىشلەپ، ئىنسانى مېھرىبانلىقنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلسا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئەمەلىي بولماسمۇ؟ ئۇلار شۇنداق قىلسا، زۇلۇم ئىچىدىن — خىتايلارنىڭ چاڭگىلىدىن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ جان بېقىش يولى ئىزدەپ چىققان قېرىنداشلىرىنى بۇلىمايدىغان، ئەكسىچە ئۇلارغا ساھىب چىقىپ، بوزەك بولۇشتىن

قوغدايدىغان، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرىنى تەشكىللىك ھالدا ئىگە بولۇپ بىجىرىپ، ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدىغان بولسا خەلق ئالدىدا ئىناۋىتى ئاشماسمۇ؟ ”بۇ يەردە بىزنىڭ ئىگىمىز بارىكەن“ دەپ سۆيۈنمەسمۇ؟ ئەكسىچە بولسا (ھازىر) خەلقنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە قانداق ئىنكاستا ئىكەنلىكىنى بۇ ”داھى“ لار بىلەمدىغاندۇ؟

يەنە بىر جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزدا بىزنى خەتەرلىك دۈشمەن ھېساپلاپ سىقىدىغان، خىتايلارنى يوۋاش، زەرەرسىز ھېساپلاپ ئىشلىرىنى ئاسان قىلىپ بېرىدىغان خەتەرلىك دۆتلۈك مەۋجۇت. نەتىجىدە بۇ خىتايلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولماقتا. نۇرغۇن خىتايلار بۇ يەرلەردە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، يەرلىشىپ كەتمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتى ئازدۇر - كۆپتۇر ھۈنىرى بار خىتايلارغا پاسپورت ۋە دەسلەپكى بىر مەزگىللىك خىراجىتىنى بېرىپ ئۇلارنى بۇ جۇمھۇرىيەتلەردە يەرلىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، غەرەزلىك ھالدا ئۆزگە خاس باسقۇنچىلىقنىڭ ئاساسىنى ياراتماقتا (چۈنكى خىتايلار قۇراللىق مۇداخىلە بىلەن ئەمەس، كۆچۈش - يەرلىشىش بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈنكى سىنگاپور ئەنە شۇنداق خىتاي دۆلىتىگە ئايلاندى). بۇ يەردىكى ھۆكۈمەتلەرنى خىتاي خەۋپىدىن ھارماي - تالماي ئاگاھلاندۇرۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، شەرقى تۈركىستاندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن قېچىپ چىققان نۇرغۇن سىياسى قاچاقلار بۇ ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى ۋە بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى تەشكىلاتلىرىمىز ھەرخىل قانۇنىي ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ئۇقتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىپ، ئەنە شۇ ئوت ئىچىدىن چىققان ئەزىمەتلەرنى ھىمايىگە — سىياسى پاناھلىققا ئېرىشتۈرەلىسىمۇ قالتىس چوڭ خىزمەت قىلغان بولاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ بۇ ”كىچىك ئىشلار“ غا

ھېچ چولىسى تەگمەستىن ياكى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەستىن بىر - بىرى بىلەن ”گېزىت جېڭى“ قىلماقتا ياكى ۋەتەندىكى ۋەقەلەر نامىدا ”خەۋەر“ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شوغۇللانماقتا!

خوش، بىزدە ”داھى“ لارنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇپ كېتىشى، ھەتتا بۇرنىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان ”سويمىچاق“ لارنىڭمۇ ھە دېسىلا ”بىرنېمە، بىرنېمە...“ دېگەن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپلا ”داھى“ لار سېپىگە قوشۇلىۋېلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مىللىتىمىزنىڭ مىللىي پسىخىكىسىدا قەدىمىي تۈرك مىللى روھىدىكى قەھرىمانلىق سۇنۇپ، قۇربان بېرىش روھى يوقۇلۇشقا يۈز تۇتقان، ”ۋەتەنپەرۋەرلىك“ ئېغىزدىكى ”مودا“ بولۇپ قالغان. بىز بولساق ”مودا“ قوغلىشىمىز، خالاس! شۇنىڭ بىلەن دەۋرىمىزدىكى ”ئۆگزىگە چىقىۋالسا ئىتتىن قورقمايدىغان“، ”ئىشخانا ۋەتەنپەرۋەرلىرى“ تەبىقىسى مەيدانغا كەلدى. شۇڭا، ئەگەر بىزدىن قىلچىلىك قۇربان بېرىش تەلەپ قىلىنسا، چىرايلىق باھانىلار بىلەن چاندۇرماستىن ئارقىغا داجىيىمىز! بەندىلەرنى ئالدىغىنىمىز بىلەن ئاللاھنى ئالدىغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيمىز ياكى بۇزۇلغان ئەقىدە بۇنىڭغا ئىمكان بەرمەيدۇ. بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىز شۇنداقكى، جان كەتمىسە، بولۇپمۇ پۇل كەتمىسە، قىسقىسى بىز ھېچنىمىنى زىيان تارتمىساق ”ۋەتەنپەرۋەر“ مىز. ھېچقايسىمىزنىڭ ئۆلگىسى كەلمەيدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ تىرىك قېلىپ، غەلىبىدىن كېيىنكى تەنتەنىگە قاتنىشىش ۋە ”پارات“ سېپىنىڭ ئالدىدا بايراقنى كۆترۈپ مېڭىش، ھەتتا پارات قوبۇل قىلىش سەھنىسىدە، گويا ھەممە ئىشنى ئۆزىلا پۈتتۈرىۋەتكەندەك مەغرۇرلۇق بىلەن داھىيانە قىياپەتتە قول پۇلاڭلىتىپ ئولتۇرۇش ئارزۇسى بار. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ھەر بىرىمىز قۇربانسىز غەلىبە بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشۈنىمىز. ناھايىتى نۇرغۇن ئادەمنىڭ غەلىبە يولىدا ھالاكەت دەرياسىغا تېنى بىلەن كۆۋرۈك سېلىپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئۆتۈپ ئىقبالىغا يېتىشىنى تەمىن ئېتىشى زۆرۈرلىكىنى بىلىمىز. لېكىن ھېچكىمنىڭ ئالدىنقىلاردىن بولغۇسى —

كۆۋرۈك بولغۇسى يوق. ھەممىسىنىڭ ئىقبالغا يېتىپ، "تىككەن كۆچىتى" نىڭ مېۋىسىنى بىرىنچى بولۇپ ئۆزى تېتىش ئارزۇسى بار.

ئەمدى چېچىلاڭغۇ توپنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر مەركەز قۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭ ھازىرغىچە ئىمكانى بولماي كەلدى. گەرچە بۇنداق بىرلىك بىر قانچە قېتىم شەكلەن ۋۇجۇتقا چىقىرىلغان بولسىمۇ جايلاردىن كەلگەنلەر پەقەت "ساھىپخان" تەشكىلاتنىڭ تۇز - تائامىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈنلا ("يۈزىگە كېلەلمەي") "ھە" دەپلا قويغان گەپ، خالاس. شۇڭا ئۇلار ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپلا خوتۇنلاردەك غەيۋەت باشلاپ، يەنە ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ كەلدى. چۈنكى بىر مەركەزنى ئېتىراپ قىلىش — ماھىيەتتە شۇ "مەركەز" دىكى ھازىرقى باشلىقنىڭ "داھى" لىقىنى، "دۆلەت ئاتىسى" لىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق، كەلگۈسىدىكى دۆلەتنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھوقۇقىنى تارتتۇرۇپ قويۇش دېگەنلىك بولاتتى. بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدىغىلى بولسۇن؟ خام تامالار!

ھازىرغىچە بۇ بىرلىكنىڭ ھاسىل بولماسلىقىدا مۇنداق تۆرت سەۋەپ بار: **بىرى،** زور كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغان يېتەكچى ئىدىيە —نەزەرىيىۋى ئاساس — يوق. بىرەر سىياسى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا خەلقنىڭ ئاڭ - پىكرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئىدىيىۋى سىستېم (پەلسەپە، ئىدىيىۋى يول) كېرەك، يا ئىلگىرى بار بولغان بىرەر يولنى مېنىڭسىمەك (قوبۇل قىلماق) ياكى يېڭى بىر ئىدىيىۋى سىستېم ياراتماق كېرەك بولىدۇ. بۇ بىر ئەقەللى تەرتىپ. بىزنىڭ داھىلارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى نېمە؟ بۇنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئويلاپمۇ باقمىغان. "قارغۇ چاشقان" ئويناۋاتقان ئادەمدەك قارىسىغا تەمتىلەپ كېتىۋاتقانلا گەپ، خالاس! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەركىم "ئۆزى بىلگەنچە چىللايدۇ". گەرچە ۋەتەن ئاھالىسىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىسلام دىنى ئېتىقاتىدا بولۇش بىلەن، ئىسلام دىنى ئېڭى، مىللىي ئېڭىمىزدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان، شۇڭا، ئىسلام دىنى ئېڭىنى خەلقنى بىرلەشتۈرۈش، قوزغىتىشتا يېتەكچى ئىدىيە قىلىشقا تېگىش بولسىمۇ،

“پارتىيە قۇرالايدىغان بىلىمدان” لارنىڭ كۆپى دىنىدىن ئۇزاقلىشىپ كەتكەچكە، بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نەزەرىيىنى خەلق قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن خەلق ئارىسىدا ئۇزۇن بىر مۇساپە — ئارىلىق شەكىللىنىپ قالغان!

**ئىككىنچى،** ھەر بىر “داھى” بىرلىشىش سۆزى چىققان ھامان “مىنى مەركەز قىلىڭلار” دەيدۇ (ياكى كۆڭلىدە شۇ خىيال مەۋجۇت بولغاچقا ھەركىتىدە ئەكس ئېتىپ قالىدۇ). بۇ غەلىتىلىكنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن ئويلىنىۋاتقىنىمىزدا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق بىر ھەدىسى كۆڭۈلدىن كېچىدۇ: “**ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلسەڭلار ئىدى، ئاز كۈلەتتىڭلار، كۆپ يىغلايتتىڭلار**”. بۇ ھەدىس بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزگە ئىلھام بېرىدۇ. شۇنى ھىس قىلىمىزكى، مانا شۇنداق “داھى” لار ئىنتايىن دۆت ئادەملەردۇر! ئۇلارنىڭ “قاپ يۈرەك” لىكى “بىلمەسلىك” زېمىنىدىن كېلىپ چىققاندۇر. ئەگەر ئۇلار بىلىدىغان بولسا ئىدى، ئۇ قەدەر چوڭ دۈشمەنىنىڭ قولىدىن ۋەتەننى ئازات قىلىش ئىشىنى ئويۇن چاغلىمايتتى، بۇنىڭغا قايسى دەرىجىدە ئىقتىدار ساھىبى كېرەكلىكىنى بىلەتتى ۋە بۇنداق چوڭ ئىشنى بۇزۇپ قويۇپ، تارىخ ئالدىدا لەنەتكە قالماسلىق ئۈچۈن، “داھى” بولۇشنى تالاشماستىن، ئاددى جەڭچى بولۇشنى، ئۆزىنىڭ ئۈمىچىغا تېخىمۇ باپ كېلىدىغان رولنى ئېلىشنى تاللىۋالغان بولاتتى. بۇلاردىن شۇ يەكۈنگە كېلىش مۇمكىنكى، بىزنىڭ “داھى” لىرىمىزنىڭ “قاپ يۈرەك” لىكى “بىلمەسلىك” نى مەنبە قىلغان بولۇپ، “بەغەرەز پادىشادىن چوڭ” دېگەن تەمسىلنى ئىختىيارسىز يادىمىزغا سالىدۇ.

**ئۈچىنچى،** خىتاي جاسۇسلىرى بۇنداق بىرلىكنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىغا تۈرلۈك توسالغۇلارنى پەيدا قىلىپ، بىزنىڭ تەشكىللىنىشىمىز ئارقىسىدىكى زەئىپ ئەقلىمىزگە كەلمەيدىغان يوشۇرۇن يوللار بىلەن “يۈگەن” نىمىزنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، بىر - بىرىمىز بىلەن تالىشىمىز.

**تۆرتىنچى**، بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىز خۇددى مۆمىنلىكىمىزدەكلا ساختا ـ رىياكارانە هالدا بولۇپ، ئەمەلىي كۆزلەيدىغىنىمىز (مۇسۇلمانچىلىقىمىزدا)ئاللاھ رىزالىقى بولمىغىنىدەك، (ۋەتەنپەرۋەرلىكتە) ۋەتەنىنىڭ هۆرلۈكىمۇ ئەمەس، بەلكى شەخسى مەنپەئەتتۇر! ئەمەل ياكى ئىقتىسادى نەپ، "داهى" ئاتىلىپ تارىخلاردا يادلىنىش!

شۇڭا ۋەتەن ئۈچۈن جەڭچى بولۇش — ئاددى جەڭچى بولۇش خىيالى بولمىغان ئەهۋالدا بىرلىكنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

يەنە بىر قىزىق پاكىت شۇكى، شۇنچە كۆپ "داهى" ئىچىدىكى هېچقايسىسى ئەمەلىيەتتە داهىيلىق سالاهىيەت ۋە قابىلىيەتكە ئىگە ئەمەس، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كىمدۇر بىرىدە "داهىلىق تالانتى" بولغان بولسا ئىدى، بۇ كەمگىچە بۇ تەرتىپسىز "پادا" نى توپلىيالىغان بولاتتى. "داهى" نىڭ داهىلىقى هەرگىزمۇ ئۆزى قۇرىۋالغان تەشكىلاتقا رەئىس بولۇش بىلەن، ئۆزى چىقىرىۋاتقان گېزىتكە رەسىمىنى بېسىۋېلىش ئەمەس، بەلكى، ئەنە شۇنداق قىيىنچىلىقلارنى، زىدىيەتلەرنى يېڭىپ، خەلقنى بىر مەپكۇرە ئاساسىدا بىرلەشتۇرۇشتۇر. بۇ شۇنى چۈشەندۇرىدۇكى، بىزدە تېخى بۇ ئىشلارنىڭ هۆددىسىدىن تولۇق چىقالىغىدەك "داهى" يوق!

بىر بىنا سېلىش ئۈچۈن بىر ياكى بىر نەچچە ئارخىتىكتور چېرتيوژ سىزىپ بېرىشى، ئاندىن مەشغۇلاتقا يېتەكچىلىك قىلغۇچى تېخنىكلارنىڭ باشلامچىلىقىدا تامچى ئۇستام، ياغاچچى ئۇستام، سىرچى، ئەينەكچى، تۇربا يولىرى ئۇستىسى، پارۋاي ئۇستىسى،... قاتارلىق هۈنەرۋەنلەرنىڭ ئورتاقلىشىشى بىلەن ئىشلار ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. چېرتيوژ سىزغان ئاختىكتور قالغان ئىشلارنىمۇ ئۆزەم قىلىپ، شەرەپنى "پارچە قىلماي" ئۆزەملا ئالىمەن دەپ تۇرىۋالسا، ئېنىقكى، بۇ تەلۋىلىكتۇر. چۈنكى ئۇ باشقا ئىشلارنىڭ بىرەرسىگە يارىغان تەقدىردىمۇ باشقىسىغا

يارىمايدۇ، شۇنداقلا بۇنچە كۆپ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ياغاچچى پەقەت ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ياساشنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؛ تامچى تامنى تەلەپ بويىچە ئېتىشنى بىلسۇن، ياغاچچىلىقنىمۇ، تۇربا يوللىرىنىمۇ قىلالىسام كېرەك دەپ، چات كىرىۋېلىپ، ئىشنى بۇزمىسۇن. باشقا ئۈستىلارمۇ شۇنداق، پەقەت ئۆز ئىشىنىلا پۇختا، سۈپەتلىك ئورۇنلىسۇن. مانا شۇندا بىنا تەلەپتىكىدەك پۈتۈپ چىقىدۇ. ئىنقىلاپمۇ خۇددى شۇنداق. ئۇنىڭ غەلىبىسى خۇددى بىناغا ئوخشاش بولۇپ، نۇرغۇن ساھەلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ: ئاساسى نەزەرىيىچى (ئىدىيىۋى ئاساس ھەققىدىكى نەزەرىيە)؛ تەشۋىقاتچى — ناتىق؛ تەشكىلاتچى؛ تاشقى ئالاقە (ياكى دىپلوماتىيە)؛ رازۋېتكا؛ ئاخبارات؛ ھەربى مۇتەخەسسىس،... قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئاساسلىق ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن رەھبەرلەر كوللىكتىۋىدۇر: بىرى، نەزەرىيىۋى سەپ؛ يەنە بىرى ئەمەلىي ھەرىكەت سېپى.

بىزدە شۇنداق بىر غەلىتە ئىش بار، ئەگەر بىرىمىز يامان ئەمەس سۆزلىيەلەيدىغان — بەش ـ ئون ئادەمنى ئاغزىمىزغا قارىتالايدىغان بولساق، خىيالىمىزدا جىمى ئىشنى قىلالايدىغان، تازىمۇ يېتىلگەن، قابىلىيەتلىكتەك تۇيۇلۇپ كېتەمىدىكىن، بىر پۈتۈن سىستېمىغا قوماندانلىق قىلىش (پۈتۈن بىنانى ئۆزىلا قۇرۇپ چىقىش) نىيىتى پەيدا بولىدۇ — ”داھى“ بولۇش ئارزۇسى تۇغۇلىدۇ. لېكىن ئۇ ياخشى تەشۋىقاتچى بولغىنى بىلەن، ياخشى تەشكىلاتچى بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئادەملەر قىلىدىغان ئىشنى تاپالماي، گاڭگىراپ يۈرۈپ، ئاخىرى سىياسى يۆنۈلۈشتىن چەتنەپ كېتىدۇ. ئىشتىن نەتىجە چىقمىغانىسىرى ئەگەشكۈچىلەرنىڭ رايى قايتىپ، بارغانسىرى تەشكىلسىزلىك ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ... ئەگەر بىرى ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر موللا (ياكى باشقا نوپۇزلۇق ئادەم) بولۇپ، بىر مۇنچە ئادەم ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ خىيالىدا دەرھال: ”ماڭا كىشىلەر ئەگەشكۈدەك، ئۆزەملا بىر ئىش تەۋرەتمەيمەنمۇ“ دېگەن ئوي — ”داھى“

بولۇش ئارزۇسى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ئىقتىدارى يېتىشمىگەچكە، بۇ ئىشتىنمۇ نەتىجە چىقمايدۇ. يەنە بىرى ناھايىتى باي، پۇل ئارقىلىق بىرمۇنچە ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئىشقا سېلىپ بىر ئىشلارنى باشلىۋەتسە بوپ قالغىدەك ھېس قىلىدۇ. دەسلەپ ("يايما" كىچىكرەك چاغدا) ئىشلار خىلى ئوبدان يۈرۈشكەندەك قىلىدۇ. لېكىن، "يايما" كەڭرىگەنسېرى چۇۋالچاقلىشىپ بارىدۇ، ئۇ سىياسىيون بولمىغاچقا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ...؛ لېكىن، يامان يېرى ھېچكىم ئىقتىدارى يېتىشمىگىنىگە تەن بەرمەي، "چۇۋۇق چويلا" دەكلا بىر "تەشكىلات" نى "يا ھارام قىلماي، يا ھالال قىلماي"، "ئىتنىڭ ئۆلىگىدەك" سۆرەپ كېتىۋېرىدۇ. قوپۇپ كېتىش ("تۆر"نى ئۆتۈنۈش)، بىرلەشتۈرۈش ئىبارىلىرى ھېچقاچان قۇلىقىغا ياقمايدۇ. خۇددى شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن پارتىيە - گۇرۇھلار مەيدانغا كېلىۋالغان، بىر - بىرىگە رىقابەتچى بولۇپ قالغان. ئەمما ھېچبىرى ئۆزىدىكى ئەمەلىي ئىقتىدارنى دەڭسەپ كۆرەي، مەن قىلالمىغاندىكىن قىلالايدىغانراق بىرىگە يول بېرەي دېمەيدۇ؛ بىرەر ئىقتىدارلىق سىياسىيون ئاپىرىدە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا يول بېرىشنى خالىمايدۇ؛ بىزنىڭ ھازىرقى ئەقلى ساپامىزدىن ئېيتقاندا ئۆز - ئۆزىمىزگە توساق بولىدىغان بۇنچە كۆپ رىقابەتچى پارتىيە - گۇرۇھلار ئىچىدىن ئۇنۇملۇك بۆسۈپ چىقماق ھېچقايسىمىزنىڭ قولىدىن كەلمىسە كېرەك. چۈنكى، ۋەتەن - مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىپ، ئۆزى قىلالمىغان ئىشنىڭ رولىنى ئۆزىدىن ئۈستىراق "رولچى" غا ئۆتۈنۈش — مىللى ساپاغا باغلىق ئىش بولۇپ، بىزلەر ئۇنداق قىلغاندىن كۆرە "يېرىمىغىچە ئەتكەن تېمىمىز" نى ئۆز قولىمىز بىلەن چېقىپ، پاچاقلىۋېتىپ يولىمىزغا مېڭىشنى تاللىشىمىز مۇمكىن. بولمىسا بۇ "يېڭىلىگەنلىكنى تەن ئېلىش" بولىدۇ - دە، بۇنداق "نومۇسقا چىداپ ياشىغاندىن كۆرە، ئۆلگەن ياخشى"!!

ئەھۋال مانا شۇنداق! ھەركىم ئۆز ئىقتىدارى يەتكەن ئىشنىلا قىلاي دېمەيدۇ. ئۆزىنى بەك يوقۇرى مۆلچەرلەپ، ”بىرىنچى نومۇرلۇق شەخس“ بولغۇسى كېلىدۇ.

بىزنىڭ شەخسى غورۇر تۇيغۇمىز (ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى، ئىززەت تۇيغۇسى، ئار ـ نومۇس تۇيغۇسى) كۈنسېرى كۈچىيىپ بارماقتىكى، قىلچىلىك ھاقارەتنى كۆتۈرەلمەيمىز، بىر ـ بىرىمىزنى رەھىمسىز ئۆلتۈرۈشكە، بىر ئۆمۈر ئاداۋەتتە ئۆتۈشكە يارايمىز. ئەمما، بىزنىڭ كوللىكتىپ غورۇر تۇيغۇمىز (ئومۇمى مىللەتكە تەۋە ئار ـ نومۇس تۇيغۇسى) چۆكمەكتە، يوقالماقتا! شۇڭا مىللەت ھاقارەتكە ئۇچرىسا ھېچكىمنىڭ غەزىۋى قوزغالمايدۇ، تەلۋىلىكمۇ تۇتمايدۇ، ”سالماق ئويلاپ“، ”ئەقىل بىلەن“ ئىش قىلالايدۇ. مىللەت ئۇچرىغان ھاقارەتتىن ”مەن“ گە تېگىدىغىنى بەك ئاز بولغاچقا غەزەپ قوزغاشقا يېتىشمەسە كېرەك!

يەنە بىر جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ ئالغا ئىنتىلىشىگە تۈرتكە رولىنى ئوينايدىغان (نورمال) بەسلىشىش ۋە نورمال شۆھرەت تۇيغۇسى جەھەتتىنمۇ بىز ساراڭلارچە ئاينىپ قالغانمىزكى، بىزنىڭ ”بەسلىشىش“ ئوبېكتلىرىمىز ئۆز ئىچىمىزدىلا. يېڭىپ چىقىشقا تېگىشلىك ”رەقىپ“ لىرىمىزمۇ ئۆز ئىچىمىزدىلا! بۇ ھالدا بىز ئۆز ئىچىمىزدىلا ئار ـ نومۇس تۇيغۇسىغا، ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىغا ئىگىمىز. شۇڭا، بىزنىڭ جىمىكى ”رەقىپلىرىمىز“ (رەسمى رەقىپ ياكى مەن ـ مەنلىك تالىشىدىغان بەسلىشىش ئوبېكتى) نىڭ ھەممىسى ئۆز ئىچىمىزدە بولغاچقا، بىر ـ بىرىمىزدىن قالماسلىقنى، بىر ـ بىرىمىزدىن ھاقارەتكە ئۇچۇرىماسلىقنى شۇنچە سەزگۈرلۈك بىلەن چىڭ تۇتىمىز. مەنىۋى رىقابەتتىن ئىقتىسادى رىقابەتكىچە ھەممىسى ئۆزىمىز تەۋە بولغان ئەڭ كىچىك گۇروھ (مەھەللە، تونۇش ـ بىلىشلەر توپى) بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇڭا بىرەرسى ”ئاناڭنى پالان ...“ دەپ بولغىچىلا پىچاقنى چىقىرىپ قارنىغا تىقىمىز. ئەگەر بۇ گەپنى بىر خىتاي قىلسىچۇ؟ ھەتتا گەپنىلا ئەمەس، شۇ شەرمەندىلىكنىڭ

ئۆزىنى قىلغان تەقدىردىمۇ يۈزىمىزنى ئاچچىق پۇرۇشتۇرۇپ قويۇش بىلەن چەكلىنىمىز! چۈنكى ئۇ (ھاقارەت قىلغۇچى) بىزنىڭ رىقابەت دائىرىمىز (رەقىپ تۇتۇش دائىرىمىز) سىرتىدا ـ دە!

”ئاچاڭنى...“ دەپ تىللاپ سالغان قېرىنداشىمىزنى شۇ بىر ئېغىز قۇرۇق گەپ ئۈچۈن ئۆلتۈرىۋېتىشكە يارايمىز، ئەمما خىتايلار نۇرغۇنلىغان ئاچا ـ سىڭىللارنى دەپسەندە قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، ”ھەي، بۇ خىتايلارنى ـ زە ...!“ دەپ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق غەزەپ بىلدۈرۈپ قويۇپلا، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. چۈنكى ئۇ ”ئاچا“ ياكى ”سىڭىل“ پەقەتلا ”مەن“ نىڭلا ئەمەس ـ تە! يالغۇز ”مەن“ نېمە قىلالايتتى!

خوش، ۋەتەندىغۇ ئاشكارە ـ يوشۇرۇن تەشۋىقات، تەبلىغ ـ تەرغىباتلارغا ئىمكانىيەت بولمىغىنىدىن جىھادقا بېلى باغلاقلىق نۇرغۇن ئەزىمەتلەر بىلەن ئۇچرۇشۇش مۇمكىن بولمىسۇن، چەتئەللەردە بولسىمۇ بۇ ئىشنى رۇياپقا چىقىرىشقا ھەممىمىز بىردەك تىرىشساق بولماسمۇ؟ چەتئەلگە چىققانلارنىڭ كۆپچىلىكى دەسلەپ ئۆزىنىڭ ”ئىنقىلابى“ مەيدانىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنى ۋەتەن ئۈچۈنلا غەم يەيدىغان قىلىپ كۆرستىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەنداشلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىگىلىك ئىشلىرىغا ياردەم قىلىدۇ. كېيىنچۇ؟ ئۇمۇ بارلىق ”كەسپى داۋاگەر“ لەرگە ئوخشاش قەرەللىك ھالدا ”داۋا“ لارغا چىقىپ قويغاندىن باشقا، ”رەئىس سەھنىسىدە ئولتۇرۇپ پارات قوبۇل قىلىش“ ئۈچۈن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدىغان جانباقارغا ياكى يەنە بىر يېڭى ”داھى“ غا ئايلىنىدۇ. ھەر بىرەيلەن ”جان پىدا قىلماي تۇرۇپ ۋەتەن قانــداق ئــازات بولــدۇ؟“ دەپ قاخــشايدۇ. ھەممەيــلەن چــاقىرىق چىقارغۇچىلاردىن بولىۋالغان، ئاۋاز قوشقۇچىلاردىن ئەسەر يوق. ھەممە ئادەم ئۆزىگە ”مۇھىم“. شۇڭا ئۆلمەسلىكى كېرەك. ئارقىدىراق تۇرسىمۇ بولىدۇ. جان پىدا قىلىدىغان ئىشقا ”مۇھىم بولمىغانلار“ چىقىشى كېرەكتەك قىلىدۇ. ”مۇھىم“ لىق سۈپەتلىرى ھەرخىل:

بىرى، يازغۇچى، ئۇ هايات قېلىپ كۆرەش جەريانىدىن ھېكايە ـ رومانلارنى يېزىشى كېرەك، ئۆلسە بولمايدۇ؛ بىرى، ناخشىچى، ناخشا ئوقۇپ ۋەتەننى ئازاد قىلىدىغان بولغاچقا، ئالدىنقى سەپكە چىقمىسىمۇ بولىدۇ؛ يەنە بىرى داپ چېلىپ ۋەتەننى ئازاد قىلىدۇ؛ بىرى ۋەتەن ئۈچۈن شېئىر يازىدۇ، شۇڭا ئۆلمەسلىكى كېرەك؛ يەنە بىرى تەبلىغچى موللا، تەبلىغ بىلەن ھەسسە قوشىدىغان بولغاچقا ئالدىنقى سەپكە چىقماسلىقتا يېتەرلىك سەۋەبلىرى بار؛ يەنە بىرى تارىخچى،... ھەتتا ھېچنېمىچى ئەمەسلەرمۇ بىرەر ئۆزى قۇرغان تەشكىلاتنىڭ "داھى" سى بولغانلىقىنى ئالدىغا چىقماسلىقنىڭ تولۇق ئاساسى دەپ ھېساپلايدۇ.

ئەگەر ۋەتەن مۇنقەرزلىكتە تۇرىۋەرسە مىللەت يوقۇلىدۇ. ئۇ ھالدا شائىر كىم ئۈچۈن، قايسى تىلدا يازىدۇ؟ تارىخچىچۇ؟ داپچى كىم ئۈچۈن چالىدۇ؟ ناخشىچى كىم ئۈچۈن ۋە قايسى تىلدا ئوقۇيدۇ؟ داھى كىمگە، قەيەردە داھى بولىدۇ؟ بىر جۈملە سۆز: ۋەتەنسىز، مىللەتسىز يوقۇرىقىدەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى نۆل! شۇڭا ئەگەر سىز راست مۇسۇلمان، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، قىزغىن مىللەتسۆيەر بولسىڭىز قۇرۇق يىغىن، ئۆز  ـ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشتىن ۋە ئۆزئارا تىللىشىشتىن نېرىغا بارالمايدىغان بىچارە گېزىت ـ ژورنال قاتارلىقلارنىڭ كەينىدە ئۆمرىڭىزنى زايا قىلماي جىھادقا ئاتلىنىڭ! سورۇنلاردا ئىسلامدىن، ۋەتەندىن، مىللەتتىن لاپ ئۇرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى جىھادقا مەرھەمەت! ئۇنداق بولمايدىكەن (بۇ ھەقتە گەپ يورغۇلۇتۇشقا لايىق بولمىغان ئىكەنسىز)، ئېغىزلىرىڭىزنى يۇمۇڭ ۋە خەلقنىڭ پۇلىنى ئالدىماڭ! (ئۇ پۇللار جىھاد ئۈچۈن لازىم، ئەمما ئۇلار ئالدىنىۋەرسە، ئاخىرىدا "يالغانچى بالا" چۆچىكىدىكىدەك، راست ئىشقا لازىم بولغاندا ئىشەنمەي، پۇل بەرمەسلىكى مۇمكىن). بىزگە لاپچىلار ۋە تۇلىلىقىدىن زىددىيەتنى گىرەلەشتۇرىۋەتكەن غىتمەك "داھى" لار ئەمەس، ئاددى جەڭچى بولۇشنى خاھلايدىغان پىداكارلار كېرەك! "داھى" لىقنى جەڭ مەيداندا قىلىڭ! داھى — ئىنقىلاپ دولقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ يېتىشىپ چىقىدۇ...

شائىر، يازغۇچى بولسىڭىزمۇ جەڭگە مەرھەمەت! جەڭ مەيدانىدا تېخىمۇ گۈزەل تېمىلارنى تاپالايسىز. چۈنكى قۇرئاندا شۇنداق دېيىلگەن:

**”ئۇلار قىلمايدىغان نەرسىلەرنى قىلدۇق دەپ سۆزلەيدۇ. پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا...“** (سۈرە ”شۇئەرا“ 225~226 ـ ئايەتلەر).

تارىخچىمۇ ئەمەلىي جەڭ ئۈستىدە جىھاد تارىخىنى قېنى بىلەن يېزىپ چىقسۇن، ئۇ تېخىمۇ تەسىرلىك بولغۇسىدۇر! باشقا ئىلمىي ئەمگەكلەرمۇ پىداكار قوشۇن ئىچىدە قىلىنسا تېخىمۇ ئېسىل بولۇپ چىققۇسى! ئۇنداق بولمايدىكەن، كۆرسەتكەن سەۋەپلىرىڭىز ساختا ۋەتەنپەرۋەرلىكىڭىزنى، رىياكارلىقىڭىزنى يوشۇرىدىغان باھانىدۇر، خالاس!

مىللەت يوقۇلۇش گىردابىغا كېلىپ قالدى. ئاخىرقى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيلى، شەرمەندىلىك بىلەن ياشىغاندىن كۆرە مىللەتنىڭ يوقۇلۇشىدىن بۇرۇنراق ئۆلۈپ تۈگىگەن ئەۋزەل! جىھاد باشلىساق، ئىنشائاللاھ داھى شۇ جىھاد قايناملىرىدا يېتىشىپ چىققۇسى!!

# پايدىلانغان كىتاپلار

«قۇرئانى كەرىم» (**ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى)**
ھەدىسلەردىن:
«بۇخارى»؛
«مۇسلىم»؛
«تىرمىزى»؛
«ئەبۇ داۋۇد»؛
«نەسەئى»؛
«ئىبنى ماجە»؛
«ئىمام ئەھمەد»؛
«ئىسلام ئەقىدىسى» (ئوردۇچە)
«يەھۇدىلىق ۋە ماسونلۇق» (تۈركچە)
ژىرنوۋىسكى: «رۇسسىيىنىڭ تەقدىرى» (خىتايچە)
«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى»
قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز»
ئا.ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە».
ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم».
(تامام)